سەمەت مۇھەممەت رامزان

# ھايات تامچىلىرى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



سەمەت مۇھەممەت رامزان

# ھايات تامچىلىرى

(نەسرلەر)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : **ئابلىمىت قادىر**
مەسئۇل كوررېكتورى : **ئادالەت ياقۇپ**

# ھايات تامچىلىرى

(نەسرلەر)

ئاپتورى : **سەمەت مۇھەممەد رامىزان**

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى : 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى شياۋمىڭ قەغەزچىلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 1192 × 787مم 1/32 باسما تاۋىقى : 6
2009 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 2000 — 0001

---

ISBN 978—7—5631—2273—8
باھاسى : 13.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

سەمەت مۇھەممەد رامىزان 1963- يىل 1- يانۋار كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1971- يىلىدىن 1979- يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1979- يىلىدىن 1982- يىلىغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە - سودا مەكتىپىنىڭ باج كەسپى سىنىپىدا، 1991- يىلىدىن 1993- يىلىغىچە شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىنىڭ باج كەسپى سىنىپىدا، 1999- يىلىدىن 2001- يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش (ماتېرىيال ئارقىلىق، تولۇق كۇرس) سىنىپىدا ئوقۇغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۇچا، كەلپىن، ئاقسۇ، ساۋەن، ئونسۇ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە باج ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دۆلەت باج ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئاپتور 1986- يىلى 8- ئايدا «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «جەڭچى ناخشىسى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا

100 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە، شېئىر، نەسر؛ 15 پارچىدىن كۆپرەك تەرجىمە ئەسەر؛ 40 پارچىدىن كۆپرەك مالىيە - باج، ئىقتىسادقا دائىر ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. «ئىككى خىل پوزىتسىيە» ناملىق ھېكايىسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «100 ھېكايە» ناملىق توپلامغا، ئىككى پارچە شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «تاغ بۇلاقلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. بىر قىسىم نەسر، شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

# مۇندەرىجە

مەڭگۈلۈك مىراس ........ 1
كىتابنى سۆي، ئۇ بىلىم بۇلىقى ........ 5
ئائىلە مۇھەببىتى ........ 7
غەپلەت ئۇيقۇسى ........ 9
ئاسىي قىز ........ 10
گۈل مېھرى ........ 16
ھايات تامچىلىرى ........ 18
بىر نىشان، ئىككى يول ........ 45
سۆيگۈ ناخشىسى ........ 49
ئۈمىدسىزلىك ........ 55
سېخىيلىق ۋە پىخسىقلىق ........ 57
خۇشامەتچىگە ........ 59
ئەسلىگە قايتىش ........ 60
تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ........ 62
بىر پارچە خەت ........ 65
ئىلتىجا ........ 68
ھوقۇق تراگېدىيىسى ........ 71
بىر يىگىتكە ........ 74

بەختسىز قىز ......................76
ئۈجمە كۆكۈل ......................82
ئۈچرىشىش خاتىرىسى ......................84
چۈش ......................88
نەسىھەت ......................91
بۈگۈن ......................93
ئۆكۈنۈش ......................99
ھەقىقىي ياشاش ......................102
ياخشى تىلەك ......................105
كەچۈر گۈل ......................107
قەلب كۆزى ......................108
كۈلكە ۋە يىغا ......................110
مەڭگۈلۈك كۈتۈش ......................112
ھاياتلىق ھەقىقىتى ......................115
بىر قىزغا ......................118
سۆيگۈ تىلەش ......................121
بىر سېكۇنتتا ......................123
بەخت ئېنىقلىمىسى ......................125
تەشۋىش ......................128
گۈزەللىك ......................133
سەن يېنىمدىلا بولساڭ ......................135
«سىزىق» ......................139

ھاماقەتلىك ........ 143
مەھبۇسنىڭ خېتى ........ 149
سېنى ئۇنتۇيالمىغۇدەكمەن ........ 152
شەخسىيەتچىلىك ........ 154
ئاخىرقى ئۈمىد ........ 157
ئۆزۈمنى ئىزدەش ........ 159
ئۆزىنىڭ شورى ........ 168
مېھىر - شەپقەت تىلەش ........ 171
ئائىلىمىزنىڭ قۇياشى ........ 173
گۇمانخورلۇق ........ 174
كۆزىتىش ........ 175
«خام سۈت» ........ 176
خىيال ........ 178
سۆھبەت ........ 179
تاقالماس ئىشىك ........ 182



## مەڭگۈلۈك مىراس

سىز بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىڭىز. كۆزلىرىڭىزنى مەھكەم يۇمۇپ، ئەررائىل بىلەن ئۇن - تىنسىز ئېلىشىۋاتقان شۇ پەيتلەردە، بەختسىزلىك قارا قولىنى سوزۇپ ئائىلىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرمەكتە ئىدى، قەدىردان ئاتا!

ئۆمۈر قۇياشىڭىز ئۇپۇق لېۋىنى سۆيۈپ، قەلب خانىڭىزگە گۈگۈم يېقىنلاپ كەلگەن چاغدا، بىز ئاكا - ئۇكا ئۈچ قېرىنداش تىڭىرقاش ۋە چەكسىز قايغۇ ئىزتىراپلىرى ئىچىدە بېشىڭىزدا پەرۋانە ئىدۇق، قەدىردان ئاتا!

توپتوغرا 39 كۈن چىڭ يۇمۇلغان نۇرسىز كۆزلىرىڭىز بۇگۈن سەھەر قۇياشى بىلەن تەڭ ئېچىلىپ، ئۈمىد شامىنىڭ سۇس نۇرلىرى خىرەلەشكەن دىللىرىمىزنى غۇۋا يورۇتتى. ھەممىمىزنىڭ چىرايىدا سۇس كۈلكە، بىز گويا ھەسەل ھەرىلىرى گۈل بەرگىگە ئولاشقىنىدەك ئەتراپىڭىزغا يىغىلدۇق، سىز بىزگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتىڭىز ۋە «مېنى يۆلەڭلار» دېدىڭىز پەس، ئەمما ئېنىق ئاۋازدا، بىز تۇشمۇتۇشتىن سىزنى يۆلەپ غولىڭىزغا ياستۇق - كۆرپە قويۇپ ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزدۇق.

«كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، مېنىڭ جانجىگەر يۈرەك

پارىلىرىم» دېدىڭىز ئۆزۈك - ئۆزۈك ئاۋازدا بىزگە تىكىلىپ قاراپ، بىز يېنىڭىزغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردۇق. سىز بىز ئۈچ ئوغۇلنىڭ قوللىرىنى جۈپلەپ ئورۇق قوللىرىڭىز بىلەن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، «ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار يۈرەك پارىلىرىم، ئاللا ماڭا ئاتا قىلغان رىزىق تۈگىگەن ئوخشايدۇ، شۇ تاپتا ئەزرائىل يېنىمدىلا ئەگىپ يۈرىدۇ. ئەگەر ياخشى كۆڭنىڭ يامىنى كېلىپ مەھشەرگاھقا سەپەر قىلسام زىنھار يىغا - زار قىلماڭلار، ئىرادىلىك بولۇڭلار، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزمەڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەڭلار، ئاسراڭلار، ئەقىدە قىلىڭلار. ھالال تەر تۆكۈپ ياشاڭلار، غېرىب - مىسكىنلەرگە يار - يۆلەك بولۇڭلار. يامان ئىش - ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇڭلار. ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم، گەرچە بەك كۆپ بولمىسىمۇ بىر يۈرۈش قورۇ - جاي، ئاز - تولا مال - مۈلۈك، بىسات، ئىككى كالا، بەش قوي... سىلەرگە قالىدۇ، ئۈچ ئوغۇل كېلىشىپ تەڭ بۆلۈشۈۋېلىڭلار، بۇ مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرغان مىراسىم بولۇپ قالسۇن.... » دېدىڭىز ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ. گېپىڭىز تېخى ئاخىرلاشماستىن ئىككى ئاكام چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، «بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئاتا، مىراس دېگەننى چوڭغا چوڭچە، كىچىككە كىچىكچە بۆلمەمدۇ، تەڭ بۆلۈشۈڭلار دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مەن چوڭ ئوغۇل بولغاندىكىن قورۇ - جاي بىلەن ئىككى كالىنى مەن ئالىمەن - دە!» دەپ چالۋاقاپ كەتتى چوڭ ئاكام. «شۇنداق

بولمامدۇ، مەن ئوتتۇرانچىسى بولغاندىكىن توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، گىلەم - پىلەم، قوي - پويلارنى مەن ئالىمەن - دە!» دېدى كىچىك ئاكامۇ ئاۋاز قوشۇپ. سىز ئاكىلىرىمنىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان بولسىڭىز كېرەك، بىردىنلا چىرايىڭىز تاتىرىپ، كۆزلىرىڭىز ھازىرلا چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيدى. دېمىڭىز سىقىلىپ نەپەسلىرىڭىز بوغۇلغاندەك بولدى - دە، ئۈنىڭىز ئۆچۈپ بىر پەس گەپ - سۆز قىلالماي قالدىڭىز، شۈبھىسىزكى، سىز قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتىڭىز، قەدىردان ئاتا!

بىردەملىك ئازابلىق سۈكۈتتىن كېيىن «قېنى، ئەمدى سەن نېمە دەيسەنكىن» دېگەندەك ئۈمىدسىز كۆزلىرىڭىزنى ماڭا ئاغدۇردىڭىز. گەرچە ئاكىلىرىمنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە كۆڭلۈمدە نەپرەتلەنسەممۇ، باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدىم. چۈنكى كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام قەدىردان ئاتا، مەندە ئاكىلىرىم بىلەن مال - مۈلۈك تالىشىش خىيالى ئەسلا بولۇپ باقمىغان.

«كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ئاتا، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز، سىز ئەزەلدىن كۆڭلى - كۆكسىڭىز كەڭ، كۈچ - قۇدرىتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تالاي تەقدىر - قىسمەتلەرگە بوي بەرمەي مەردانە ياشاپ كەلگەن پاك، ۋىجدانلىق، ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، جەسۇر ئادەم ئىدىڭىزغۇ. سىز ئاشۇ ئېسىل خىسلەتلىرىڭىز بىلەن ماڭا ھالال ياشاشنى ئۆگەتتىڭىز، ۋۇجۇدۇمغا ۋىجدان، ئەقىدە،

چىدام - غەيرەت، مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئاتا قىلىپ، قەلبىم تۆرىگە «ئۈمىد، ئىشەنچ، ئىرادە، ساداقەت» تىن ئىبارەت ھاياتلىق مۇنارىنى تىكلەپ بەردىڭىز. قەدىردان ئاتا! مانا بۇلار سىزنىڭ ماڭا سوۋغا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك پۈتمەس - تۈگىمەس مىراسىڭىز ئەمەسمۇ، قەدىردان ئاتا! ماڭا كېرىكىمۇ دەل مانا شۇلار، ماددىي بايلىقنىڭ كېرىكى يوق، ئاكىلىرىم خالىغىنىنى ئالسۇن ئاتا» دېدىم مەن يۈز - كۆزلىرىڭىزنى سىلاپ تۇرۇپ.

بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز تىترەپ كەتتى، خىرەلەشكەن كۆزلىرىڭىزدە ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرلىرى چاقنىدى، سىز يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئىشەنچىڭىزنى قايتا تاپقاندەك بولدىڭىز. تاتارغان يۈزلىرىڭىزدە گىرىمسەن خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ، گويا ئۇستا رەسسام سىزغان ماي بوياق رەسىمدەك مەڭگۈلۈك قېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ قەلب ئاسمىنىمىزنىڭ تۈۋرۈكى سۇنۇپ، بەخت يۇلتۇزىمىز پايانسىز قۇملۇقلارغا چېچىلىپ غايىب بولدى، ئامەت تېغىمىز يىقىلدى، قەدىردان ئاتا!!

كۈن بىر غۇلاچ ئۆرلىگەن چاغدا بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى ۋە كەچكىچە توختىمىدى. بۇ تەڭرىنىڭ ماتەم يېشى ئىدى. تەڭرى سىز ئۈچۈن ياش تۆكتى، ئاسمان - زېمىن سىز ئۈچۈن يىغلىدى، تاغ - دەريا سىز ئۈچۈن چۇقان كۆتۈردى!

مەنمۇ مۇقەددەس تەڭرىدىن چىن ئىخلاسىم بىلەن سىزگە جەننەت تىلىدىم قەدىردان ئاتا!!!

## كىتابنى سۆي، ئۇ بىلىم بۇلىقى

سەن كىتابنى پەرۋاسىز ھالدىلا ۋاراقلاپ قويۇپ يىرقىرىتىپ تاشلىدىڭ، بىر - ئىككى ۋارىقى يىرتىلىپمۇ كەتتى. يۈرىكىم گويا يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىلسەڭ ئەي جانجىگەر ئوغلۇم، سەن كىتاب ئەمەس، تېپىلغۇسىز گۆھەرنى چۆرۈپ تاشلىدىڭ، مەن بەكلا ئەپسۇسلاندىم...

بۇ كىتاب ماڭا ئەسلى ئاتامدىن، ئاتامغا بوۋامدىن، بوۋامغا چوڭ بوۋامدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك گۆھەر ئىدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇ مۇقەددەس كىتابنى دوست تۇتۇپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بېرىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى، خىرە دىللارنى يورۇتۇپ، ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇزۇن زامانىسىدىن تا بۈگۈنگىچە نامى تىللاردا داستان بولۇپ ئۇلۇغلىنىپ كەلدى، تارىخ بېتىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلۇغلىنىدۇ، ئەۋلادلار قەلبىدە نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ...

ئەي جانجىگەر ئوغلۇم، ئەگەر سەن ئۆمۈر مۇساپەمدىن ئۆچمەس ئىز قالسۇن، دېسەڭ، كىتابنى چىن يار قىل، ئۇنىڭدىن دۇر - گۆھەرلەرنى قاز، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كىتاب ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش گويا ئىخلاس

بىلەن ئىبادەت قىلغاندەكلا ساۋابلىق ئىش، شۇڭا كىتاب ئوقۇشنى كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق يېگەندەكلا ئۆزۈڭگە پەرز قىل، چۈنكى تاماق ۋۇجۇدۇڭغا جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىنىدەك، كىتاب روھىڭغا مەڭگۈ خوراپ تۈگىمەيدىغان ئەقلىي كۈچ، ئېتىقاد، نۇر - زىيا ئاتا قىلىپ، دىلىڭنى روشەن، پاك قىلىدۇ.

# ئائىلە مۇھەببىتى

ئىناق ئائىلە ئىنساننىڭ بەخت بۆشۈكى، جەننەت ماكانى. ئەگەر سەن ھەقىقىي، چىن ئېتىقادلىق ئىنسان بولساڭ، چىن ئېتىقادىڭ ۋە مېھرىڭ بىلەن ئائىلىنى سۆي، ئۇنى گۈللەندۈر!

ئىناق ئائىلىسى بولمىغان ئىنسان گەرچە بۇ ئېتىكى كەڭ ئالەمدە ئەركىن - ئازادە، شاد - خۇرام ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ھەتتا ئاسمان - زېمىندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ بەربىر ماكانسىز، سەرسان - سەرگەردان بولىدۇ. ھەقىقىي، چىن ئېتىقادلىق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق ۋە مۇشكۈل تۇرمۇش سەرگەردانلىق. تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ ئېرىشلگەن ئالەمچە خۇشاللىقمۇ ئىنسانغا ئىللىق ئائىلە ئاتا قىلىدىغان خۇشاللىقنىڭ زەررىچىسچىلىك شادلىق - ھۇزۇر ئاتا قىلالمايدۇ. گەرچە ئائىلىسىز ئىنسان ئۈچۈن جاھاننىڭ ئېتىكى بىر مەھەل بىپايان، كەڭرىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتىن ئېيتقاندا گويا باقىي ئالەمنىڭ مۇدھىش دوزىخىدەكلا تۇيۇلىدۇ. ھەقىقىي، چىن ئىنسان بىلەن ئېتىقاد، ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىق مۇقەددەستۇر! چۈنكى ئىنساننىڭ يىلتىزى، روھىي ئېتىقادى ئاشۇ مۇقەددەس ئىللىق ئائىلىگە چىڭ باغلانغان. شۇڭا،

ئىنسان ئۈچۈن بىر ئىللىق ئائىلە ــ كەپە بولسىمۇ ماكانىنىڭ بولۇشى ھەرقانداق ئىللىقلىق ۋە خۇشاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان ئەڭ زور خۇشاللىق ۋە بەختتۇر!

بىلسەڭ ئەي ئىنسان، سېنىڭ كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەن ــ ئىللىق ئائىلە، مۇقەددەس ئانا ماكان!!!



## غەپلەت ئۇيقۇسى

بولدى قىل ئوغلۇم، چارچاپ قالدىڭ، ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ۋاقتىدا ئۇخلىۋال، ھاردۇقۇڭ چىقىپ روھلۇق بولۇپ قالىسەن. ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ئۇخلاش ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن راھەتلىك ئىش...

ئورنۇڭدىن تۇر ئوغلۇم، توخۇ چىللىغىلى نىكەم، كۈن قىزىلىدا ئۇخلىسا يامان بولىدۇ...

بىلسەڭ ئەي جانجىگەر ئوغلۇم، بىمەھەل ئۇخلاش ئادەمنى روھسىزلاندۇرۇپ خامۇش قىلىدۇ، غەپلەت ئۇيقۇسى بولسا ئادەمنىڭ ئەقىل چىرىغىنى خىرەلەشتۈرۈپ بىخۇدلاشتۇرىدۇ، روھنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئىرادىگىنى، ئېتىقادىگىنى سۇسلاشتۇرىدۇ...

روھلۇق، جاسارەتلىك بولۇپ ھاياتلىق قەدەملىرىگنى تەرتىپلىك باساي دېسەڭ ئوغلۇم «بالدۇر ئۇخلاپ، سەھەر تۇر»، ئۆز ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ئۇخلىغىنىكى، ھەرگىزمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتما...

# ئاسىي قىز

دەرستىن چۈشۈپ قايىنام - تاشقىنلىق ياتىقىمىزدا ئايىغى چىقماس پاراڭلىرىمىزنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشىمىزغا، شالاڭ چاچلىرى قاردەك ئاقارغان، يۈزلىرىنى سانسىزلىغان يول - يول سىزىقچىلار قاپلىغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئېڭەك سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان، بېلى گويا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى دۈمچەك سۆگەتتەكلا ئېگىلگەن، بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ، ئۈچىسىغا نىمكەش بولسىمۇ پاكىز يۇيۇلغان گۈللۈك چىتتىن كۆڭلەك، تامبال كىيگەن بىر موماي سول قولىدا چوڭ بىر سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە گويا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەكلا ياتاقتا پەيدا بولدى، ھەممىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشقىنىمىزچە ئورنىمىزدىن تۇرۇشۇپ كەتتۇق. شۇ چاغدا سېنىڭ ئىلگىرىكى تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىڭ نېمىشقىدۇر تامدەك تاتىرىپ، بەدەنلىرىڭ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

موماي قولىدىكى ئېغىر سومكىنى يەرگە قويدى - دە، شەبنەمدەك سۈزۈك ياشلار لىغىرلاپ تۇرغان نۇرسىز، ئورا كۆزلىرىنى ساڭا تىكىپ، «ئاي قىزىم، كۆز نۇرۇم، يۈرەك پارەم سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ خويمۇ سېغىندۇردۇڭ مېنى، قېنى كەلگىنە باغرىمغا قانغۇدەك بىر بېسىۋالاي...» دېگىنىچە ئورۇق قوللىرىنى كېرىپ، ساڭا بېقىپ كەڭ قۇچاق

ئاچقىنىچە سەن تەرەپكە مۆدۈرۈپ - مۆدۈرۈپ بىر نەچچە قەدەم باستى. بىلدۇق، ئۇ سېنىڭ، ياق! ھەممىمىزنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان، غەمگۇزار، پەرزەنت ئۈچۈن باغرى ئاتەش ئەڭ سۆيۈملۈك ئانىمىز ئىدى.

ئەپسۇس! سەن ئۇز ئاناڭغا گويا ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان، زادىلا تونۇشمايدىغان بىر بىرىگە قارىغاندەك كۆزلىرىڭنى چەكچەيتكىنىڭچە چوڭقۇر قىلىقلىغان قوزۇقتەك مىدىر - سىدىرمۇ قىلماي ھاڭۋېقىپ تۇراتتىڭ.

ياشانغىنىغا قارىماي شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ چەكسىز سېغىنىش ھېسلىرى ئىچىدە كەلگەن، مېھرىبانلىقى، كۆيۈمچانلىقى دۇنيادا تەڭداشسىز سۆيۈملۈك ئاناڭنىڭ سېنى ئىللىق باغرىغا چىڭ باسقۇسى، قېنىپ - قېنىپ پۇرىۋالغۇسى، چاچلىرىڭنى سىلىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەپسۇس، ساڭا قۇچاق ئاچقان قوللىرى ھاۋادا قېتىپ قالدى... سەزگۈر موماي سېنىڭ ئانىسىنىڭ قاردەك ئاقارغان چاچلىرىدىن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىدىن، يول - يول سىزىقچىلار قاپلاپ قورۇلۇپ كەتكەن يۈزلىرىدىن، دۈمچەك سۆگەتتەكلا ئېگىلگەن قامىتىدىن نومۇس قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئاللىقاچان سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان تامچە - تامچە خورلۇق، ھەسرەت ياشلىرى قورۇق باسقان مىسكىن مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

سەن يەنىلا شۇ ئورنۇڭدا جىمجىتلا تۇراتتىڭ...

ئاناڭنىڭ غەمكىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان

مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، سېغىنىش ھېسلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئاچچىق ھەسرەت، ئازابلىق يىغا ئارىلاش مۇڭلۇق نىدالىرى سېنىڭ قەلب سېزىملىرىڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى. قىزى ئۈچۈن يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولغان مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانىنىڭ ھەسرەت ۋە خورلۇقتىن تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى، سولغۇن، مىسكىن چىرايىنى كۆرۈپ يۈرىكىم گويا كۆيۈك يارىسىغا تۇز سەپكەندەك ئاچچىق ئېچىشىپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئاناڭنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ئۇلۇق باغرىغا باش قويۇپ يىتىۋالغۇم، قاردەك ئاپئاق چاچلىرىنى سىلىۋالغۇم، مۇشكى - ئەنبەردەك ھىدلىرىنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىۋالغۇم، يۈزلىرىگە يۈزلىرىمنى يېقىۋالغۇم، قوللىرىنى كۆزلىرىمگە سۈرىۋالغۇم كېلىپ كەتتى. ياشقا تولغان كۆزلىرىمنى سۈرتۈپ قارىسام ئاناڭ كۆرۈنمەيتتى، پەرىشتە سۈپەت بۇ موماي گويا پەرىشتىدەكلا ياتاقتىن غايىب بولغانىدى...

سەن تېخىچىلا شۇ ئورنۇڭدا مىدىر- سىدىر قىلماي تۇراتتىڭ.

مەن بىر قىزنىڭ، كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان بىر ستۇدېنت قىزنىڭ ئۆز ئانىسىدىنمۇ نومۇس قىلىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، سەن نېمانداق ۋىجدانسىز، كۆڭلۈك نېمانچە قارا - ھە!! ساڭا شۇنچىلىك غەزىپىم كەلدىكى، دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل تىل بىلەن تىللاپ، چايناپ پۈركۈۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. چۈنكى سەن

ۋىجدانسىزلىقنىڭ، قارا كۆڭۈللۈكنىڭ بىلەن پەرىشتىدەك مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، دىلى پاك، كۆيۈمچان ئانىنىڭ — بارلىق مۇقەددەس ئانىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئازاب، ھەسرەت داغلىرى پەيدا قىلىپ، ئۆزۈڭدەك بىر ستۇدېنت قىزنىڭ، ياق، بارلىق ستۇدېنت قىزلارنىڭ شەنىگە سەسكىنىشلىك داغ تەگكۈزدۈڭ ئەمەسمۇ!

بىلەمسەن، سەن ئانام دېيىشكە نومۇس قىلىپ پاك قەلبىگە ئازاب سالغان ئاشۇ مېھرىبان، پەرىشتە سۈپەت ئانا تېخى نەچچە يىل ئىلگىرىلا خۇددى سېنىڭ ھازىرقى چېغىڭدەك قاپقارا قۇندۇز چاچلىق، بۇلاقتەك قوي كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، يۈزلىرى قىپقىزىل ئالمىدەك پارقىراق، جەننەت ھۆرلىرىنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك گۈزەل پەرىلەردىن ئەمەسمىدى؟! ئەمدىچۇ؟ قېنى شۇ قۇندۇزدەك قاپقارا سۇمبۇل چاچلار؟ قېنى شۇ نۇر چاقناپ تۇرغان قوي كۆزلەر؟ قېنى شۇ ئايدەك گۈزەل نۇرانە چىرايلار؟! بىلسەڭ ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى، بارلىقىنى — ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساڭا، ئارزۇلۇق يۈرەك پارىسىگە سوۋغا قىلغان ئەمەسمۇ؟! شۇنداق، بېشىڭدىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان قاپقارا قۇندۇز چاچلار ئانائىڭنىڭ چېچى، ئۇ ئۆزىگە ئاشۇ قاردەك ئاقارغان چاچلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قاپقارا قۇندۇز چاچلىرىنى ساڭا سوۋغا قىلغان!! كۆزۈڭدە چاقناۋاتقان جىلۋىدار نۇرلارمۇ ئانائىڭنىڭ كۆزىنىڭ نۇرى، ئۇ جىلۋىدار كۆز نۇرلىرىنى كۆزلىرىڭگە مۇجەسسەملىگەن! كۆكرىكىڭدە سوقۇۋاتقىنى ئانائىڭنىڭ يۈرىكى! تومۇرۇڭدا

ئېقىۋاتقىنىمۇ ئاناڭنىڭ قېنى! ئەۋرىشىم، زىلۋا قامىتىنىڭ دۈمچەك سۆگەتتەك پۈكۈلگىنى — سېنى ھەر كۈنى ئەتىگىنى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز مېھرىبانلىق بىلەن بېشىڭنى سىلاپ تۇرۇپ ئويغىتىپ، باش - كۆزۈڭنى يۇيۇپ - تاراپ، مەززىلىك شورپا، قايماق چاي، قاتلىمىلار بىلەن تويغۇزۇپ، ھاپاش قىلىپ مەكتىپىڭگە ئاپىرىپ، ئەكەلگەنلىرىنىڭ؛ قەھرىتان قىشتا توڭلاتماي، تومۇز ئىسسىقتا كۆيدۈرمەي، بوينىدىن چۈشۈرمەي ئەمگەك قىلغانلىرىنىڭ يالدامىسى ئەمەسمۇ؟! شۇنداق، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى ھەقىقەتەن بىر ئۆمۈر سېنى ھاپاش قىلىپ — ئاتاڭنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ، بارلىق ئېغىر - يېنىكلىرىڭنى ۋايسىماي كۆتۈرۈشتىن دۈمچەيگەن! يۈزلىرىڭدىكى جىلۋىدارلىق، يارقىن تەبەسسۇملارمۇ ئاناڭنىڭ سوۋغىتى! ئۇ يول - يول سىزىقچىلارنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، نۇرانە جىلۋىدارلىق، يارقىن تەبەسسۇملارنى ساڭا بەرگەن!

بىلسەڭ ئەي نادان، سۆيۈملۈك، مېھرىبان ئاناڭنىڭ چېھرىدىكى يول - يول سىزىقلار ئۇنىڭ سېنى قاتارغا قوشۇپ بەختلىك قىلىش يولىدا باسقان جاپا - مۇشەققەتلىك ھايات مۇساپىسىنىڭ يول خەرىتىسى ئىدى...

«ئانىنى ئاسراش، ھۆرمەتلەش ئىماننىڭ — پاكلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر». ئانا سېنىڭ، مېنىڭ — پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئانىسى، مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس!!

ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس! سەن پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن پاكلىق، ھالاللىق، سەمىمىيلىك، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئانىنىڭ ساڭا قىلغان ئالەمچە مېھرىبانلىقلىرىنى، كۆيۈمچانلىقلىرىنى، سەن ئۈچۈن تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدىڭ! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋىجدانسىزلىق، ئاسىيلىق بولمىسا كېرەك!!!

ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، سەنمۇ بىر كۈنى ئانا بولىسەن، ئەگەر مىڭ بىر جەبىر- جاپادا ئارزۇلاپ قاتارغا قوشقان سۆيۈملۈك پەرزەنتىڭ گويا سەن ئانائىدىن نومۇس قىلىپ، ئۇنى تونۇماس بولۇۋالغاندەك سەندىن نومۇس قىلسا، سېنى تونۇماسقا سېلىۋالسا، سەن قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟!

سەن يەنىلا شۇ ئورنۇڭدا مىدىر - سىدىر قىلماي ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتىڭ...

شۇ تاپتا ھاكاۋۇرلۇقۇڭ، مەغرۇرلۇقۇڭ بىلەن ۋىجدانسىزلىق، قارا كۆڭۈللۈك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن چىركىن روھىڭ سېنى تارتىپ چىقارغىلى بولمايدىغان سېسىق پاتقاقلىق سازلىقلارغا سۆرەپ كېتىۋاتماقتا...

شۇنىڭدىن باشلاپ سەن ۋىجدانسىزلىقىڭ، قارا كۆڭۈللۈك، ئاسىيلىقىڭ بىلەن بىرگە ـــ بارلىق قەلبى پاك ستۇدېنت قىزلارنىڭ قەلب تۆرىدىن غۇلاپ چۈشۈپ، مەڭگۈلۈككە غايىب بولدۇڭ!!!!

## گۇل مېھرى

سەن گۇللۈكلەرنى ئايلىنىپ- ئايلىنىپ ئاخىر يەنە پورەكلەپ ئېچىلغان ئاشۇ بىر تۈپ قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدىڭ. چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىڭ سەھەرنىڭ سۈپسۈزۈك شەبنىمى گويا ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرىگە تىكىلدى. سەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىڭ بىلەن بىر تال، بىر تال، يەنە بىر تالدىن گۇللەرنى ئۈزۈۋشكە باشلىۋىدىڭ،گويا يۈرىكىم بېغىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئېچىشىپ كەتتى. نەچچە تامچە ياش گۈل بەرگىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك شەبنەم تامچىلىرىدەك ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى.

— بولدى قىل! — دېدىم ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، — نېمە قىلىسەن شۇنچە خۇشبۇي، چىرايلىق ئېچىلىپ تەبىئەتكە تېخىمۇ گۈزەللىك ئاتا قىلىپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان ئەۋرىشىم، بىغۇبار گۇللەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۈزۈۋېلىپ؟!

— گۇلگە قانچىلىك ئامراقلىقىمنى بىلىسەنغۇ، — دېدىڭ قولۇڭدىكى بىر دەستە گۇلنى بۇرنۇڭغا يېقىن ئېلىپ بېرىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن پۇرىغىنىڭچە، — ياتىقىمغا ئالغاچ بېرىپ جانان لوڭقامغا سېلىپ قويۇپ قانغۇچە پۇرىۋالاي دەيمەن.

— ئىسسىت، ئىسسىت، ھاياتلىق مەنبەسىدىن — شېخىدىن ئايرىلغان گۈل قانچىلىك ياشىيالايدۇ؟ قانچىلىك پۇراق چاچالايدۇ؟ ئالتۇن لوڭقىغا سېلىپ قويساڭمۇ بەرىبىر ئىككى كۈندىلا خازان بولۇپ سولىشاۋ گۈلدىن پەرقسىز بولىدۇ - دە! گۈلگە ئامراقسەنۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگىنىڭ. ئۇنى پەرۋىش قىلىپ ئاسرىمىغىنىڭ قىزىق!! — مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئەپسۇسلاندىم، ئېچىندىم.

ئانا تۇپراقتىن، يىلتىزدىن ئايرىلغان گۈل ھەرگىزمۇ پورەكلەپ ئېچىلالمايدۇ، ئېچىلمىغان گۈلنىڭ خۇش پۇراق چېچىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى ئۈزۈۋېلىپ ئالتۇن لوڭقىغا سېلىپ قويغىنىڭ ماھىيەتتە ئۇ سېنىڭ گۈلگە ھەقىقىي ئامراقلىقىڭ ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل، رەڭدار تاجىنى مەڭگۈلۈك نابۇت قىلغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟!

ئەگەر سەن تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەلىكىسىگە چىن دىلىڭدىن ئامراق بولساڭ، ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن قانغۇچە بەھرە ئالاي دېسەڭ، ئۇنى چىن ئەقىدەڭ بىلەن ئاسرا، پەرۋىش قىل، مېھنەت تەرلىرىڭ بىلەن پورەك ئاچقۇز! جاھان پورەكلەپ ئېچىلغان چىن ئەقىدە گۈللىرى بىلەن پۈركەنسۇن!

# هايات تامچىلىرى

1

چىۋىن بەكمۇ ئاچ كۆز، نەپسى بالا بولغاچقىلا، ئاقىۋەت شېكەر قوشۇپ چىلانغان شېرىن زەھەرگە ئۆزىنى ئېتىپ هالاك بولىدۇ.

2

سۈپۈرگىنىڭ ئەخلەتلەرنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشى ئەخلەتنىڭ تۆرنى تۆر، پەگاھنى پەگاھ دېمەي ئۆينىڭ خالىغانلا يېرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقىغا هەسەت قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان پاسكىنىچىلىق، نەسلىكتىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلغانلىقىدۇر.

3

قەدىرلىك ياشايمەن دېسەڭ، يۈرەك قېنىڭنى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن سەرپ قىل، ئىنسان ئۆز

شەخسىيىتى، ئۆز بەختى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، بەختى ئۈچۈن ياشىغاندىلا ئاندىن قەدىرلىك بولىدۇ.

4

سىنىڭ بەختىڭ ئوخشاشلا مېنىڭ بەختىم دەپ بىلىش، ئۆز بەختىنى باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆلۈپ تۇرۇپ قۇربان قىلىش ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ساختا ئىنسانپەرۋەرلىك گويا ئالتۇن جامغا زەھەر تولدۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن بىراۋغا شاراب ئورنىدا تەڭلىگەنگە ئوخشايدۇ.

5

باشقىلارنى رەنجىتىش بەدىلىگە ئېرىشىلگەن خۇشاللىق ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى رەنجىتىدىغان ئازابتىن ئىبارەت خالاس.

6

ئەسلىگىنى ئۇنتۇما، ئەسلىگىنى ئۇنتۇساڭ ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى ۋە قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيسەن.

7

بىلىقنىڭ چوڭىنى ھەم ئوڭاي، ھەم كۆپرەك تۇتۇشنىلا ئويلايدىغان نەپسانىيەتچىلەر دەريادا سۇنىڭ دائىملا لاي ئېقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

8

ھاياتلىق يولى ئەگرى - توقاي ھەم ئۇزاق، ھاياتلىق يولۇڭدا ئېزىپ كەتمەي دېسەڭ، ئاقىل، دانا بىلەن ھەقىقىي ئۇلپەت بول؛ كۆڭلۈم ئازار يېمىسۇن دېسەڭ، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ياخشى بىلەن ھەمسۆھبەت بول، كۆڭۈل ياخشىلاردىن ئازار يېمەيدۇ.

9

قەلب ئېتىزىغا پىتنە - ئىغۋا ئۇرۇقلىرىنىڭ چېچىلىشىدىن ئۈنۈپ چىققان ئاداۋەت بىخلىرىنى ئەپۇچانلىقتىن ئىبارەت خىسلەتلىك دورىلا يىمرىپ تاشلايدۇ.

## 10

كۆلكە بىلەن يىغا قوشكېزەكلەردۇر، ئاپىنىڭ ئۇن بەشى ئايدىڭ، ئۇن بەشى قاراڭغۇ بولغىنىدەك، بىر كۆلكىنىڭ هامان يىغىسى بولىدۇ، ئىلگىرى شادلىق كۆلكىسى كۆلگەنلەرنىڭ كېيىن ئازاب ياشلىرى تۆكۈشى، ئىلگىرى ئازاب ياشلىرى تۆككەنلەرنىڭ يۈزلىرىدە هامان بىر كۈنى يەنە شادلىق جىلۋە قىلىشى مۇمكىن. مانا بۇ هاياتلىقتىكى ئاددىي بىر قانۇنىيەت.

## 11

ئادەم هاياتىدىكى هەر بىر كۈننىڭ هەممىسىلا تارىخ بېتىگە يېزىلىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئەڭ ئەهمىيەتلىك ئۆتكەن كۈنلىرىلا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالالايدۇ، چۈنكى هايات پەقەت ئۆتكەن هەر بىر كۈنلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئەهمىيەتلىك كۈنلىرى، يەنى ئەل-يۇرت ئۈچۈن خالىس قىلغان پايدىلىق ئىشلىرى بىلەنلا قەدىرلىك بولىدۇ.

12

بىلگىنكى ئەي گۈزەل رەنا، سەن بەختىنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگىنىڭدىلا ئاندىن پۇل - مال ۋە گۈزەل رۇخسارىڭنىڭ ئۆز بەختىڭنىڭ دەسمايىسى بولالمايدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىسەن.

13

ئۆزئارا ئىشىنىش، ھۆرمەت، ئىتائەت بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى. تۈۋرۈكسىز بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمىغاندەك، ئىشەنچ، ھۆرمەت، ئىتائەت بولمىغان ئائىلىمۇ بەختلىك ئائىلە بولالمايدۇ.

14

قەتئىي ئىرادە ھاياتلىق يولۇڭدىكى نۇرلۇق مەشئەل، پەقەت سەن ئۇنى قانات قىلىپ يولۇڭدىن قايتمىساڭلا، ئۇ سېنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزىدۇ.

15

ئىنسانلاردا پەقەت ئۆزئارا بىر - بىرىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان پاك، سەممىي قەلب ۋە چىن ئېتىقاد بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار ئىناق ياشىيالايدۇ، گۈللەپ روناق تاپالايدۇ.

16

بەزىلەر ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئېتىقادىمۇ كۈچلۈك ھەم ۋىجدانلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئەقىللىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، ئەقىل باشقا گەپ، ئېتىقاد، ۋىجدان باشقا گەپ. ئېتىقادسىز، ۋىجدانسىز ئادەم راستنى يالغان، يالغاننى راست دەپ قەسەم قىلىدىغان قەسەمخور؛ ياخشىنى يامان، ياماننى ياخشى دەپ تۆھمەت قىلىدىغان تۆھمەتخور، كۆڭلى قارا ناكەسلەردۇر. روھىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئېتىقادسىز، ۋىجدانسىز ئادەم مەيلى ئۇ شۇنچە ئەقىللىق ياكى ئۆتۈپ كەتكەن نادان بولسۇن بەربىر روھى زەئىپ كىشىدۇر.

## 17

ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭ بەزىدە ساڭا ئەڭ يېقىن دوستۇڭدىنمۇ ئارتۇقراق سوۋغاتلارنى ئاتا قىلالايدۇ. چۈنكى سەن ھەر قېتىم دۈشمىنىڭنى كۆرگىنىڭدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراش، ئوخشاش بولمىغان ئىپادە، ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىسەن، دېمەك ئۇ ساڭا دۈشمەنگە زادى قانداق قاراش، قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ دۈشمىنىڭنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىتىدۇر.

## 18

غايە ۋە ئىرادە ئادەمنىڭ بەخت يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق ماياك، ئادەمدە پەقەت غايە، ئىرادە بولسىلا، ھايات سەپىرىدە ئۇ ھامان گۈزەللىك، ئىلھام تاپالايدۇ ـ دە، بەخت مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ.

## 19

ئىنسان ھايات مۇساپىسىدە ھەم ماھىر ئارتىس، ھەم قىزغىن تاماشىبىن. ئۇ بىردە ھايات سەھنىسىدە ھەرخىل ئويۇن كۆرسەتسە، بىردە قىزغىن چاۋاك، بىردە چەكسىز

ئەپسۇس بىلەن ئويۇننى كۆرگۈچىدۇر.

20

بىلىسەڭ دوستۇم، ئۆلۈم — ئەبەدىي يوقىلىش. يوقىلىش — قايتا مەۋجۇت بولماسلىق. سەن كىشىگە قورقۇنچ سالىدىغان بۇ ئۇقۇمنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندىلا ئۆتكەن ئۆمرۈڭنىڭ قايتىلانمايدىغانلىقىنى، قولدىن كەتكەن پۇرسەتنىڭ يەنە كەلمەيدىغانلىقىنى چىن مەنىسىدىن تونۇپ يېتىسەن. لېكىن ئۇ چاغدا سەن بەكمۇ كېچىككەن بولىسەن. ھاياتنى قەدىرلە، پۇرسەتنى چىڭ تۇت!

21

پاكلىق، سەمىمىيەت ۋە چىن ئەقىدە ئۇستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق ھەقىقىي دوستلۇقتۇر. ئۇ ھەر قانداق بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

21

پۇرسەت غەنىيمەت، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھارماي - تالماي ئىجتىھات بىلەن بىلىم ئۆگەن، ئەقىل - ئىدراكلىق بول، ئەقىل - ئىدراك — ئۆزۈڭنى تونۇش يەنى ئۆزۈڭنىڭ

كىم ئىكەنلىكىنى، كىم ئۈچۈن نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان، ھاياتلىق يولىنى يورۇتىدىغان ئۆچمەس ماياك.

## 22

قەلب قاتلىرىغا ساختىا مېھرىبانلىق يوشۇرۇنغان ئاشۇ يىگىتنىڭ چېھرىدىكى ئىللىق كۈلكە، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان شېرىن-شېكەر سۆزلەر، سىنىڭدەك ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ساددا بىر قىزنى ئاسانلا ئازدۇرۇپ كەتتى. قەلب قەسرىگە ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن مۇھەببەت بىخلىرىنى رەھىمسىزلەرچە چەيلەپ نابۇت قىلدى. قىسقىسى ساڭا ئۆمۈرلۈك، تۈگىمەس ئازابنى ھەدىيە قىلدى.

سەن ئۇنىڭ قىزلارنىڭ ھەسرەتلىك ئازاب ياشلىرى بەدىلىگە شادلىنىدىغان، ھۇزۇرلىنىدىغان ۋىجدانسىز لەنەت تەگكۈر ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساڭ ئىدى، ئەپسۇس!

## 23

ئالدامچىنىڭ ھۈنىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇ گويا پىششىپ يېتىلگەن ئۇستا ئارتىس سەھنىدە يىغلاپ تۇرۇپ ھېكايە ئېيتقاندەك. بەزىدە ئادەمنىڭ قەلبىنى تىترەتكۈدەك، بەزىدە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك سۆزلەر بىلەن

ھەرقانـــداق بىـــر كىـــشى شەكـــسىز ئىـــشەنگۈدەك ۋەدە ـ قەســـەملەرنى قىلىـــپ تـــۇرۇپ، باشـــقىلارنى، ھەتتـــا ئـــۆز قېرىنـــداش ۋە دوســـت ـ يـــارەنلىرىنىمۇ ۋىجدانـــسىزلارچە ئالدايدۇ.

ئېغىزىـــدىن ۋىجـــداننى چۆشـــۈرمەي، ئەمەلىيەتـــتە ۋىجـدانىنى قايرىـپ قويـۇپ يالغـان ۋەدە ـ قەسـەم قىلىـش ئالدامچىنىڭ خۇسۇسىيىتى.

24

بـــاغۋەن ئـــۆز بېغىـــدىكى مېۋىلىـــك دەرەخلەرنـــى كـــۆز قارىچۇقىـدەك ئاسـراپ پەرۋىـش قىلىمىسا، مېۋىـسى پىـشىپ ۋايىغـــا يەتكـــۈچە قـــۇرتلاپ ئـــچ ـ ئىچىـــدىن سېـــسىپ كەتكىنىـــدەك، ئاتـــا ـ ئـــانىلارمۇ ئـــۆز پەرزەنتلىرىنـــى كـــۆز قـارىچۇقىنى ئاسـرىغاندەك ئاسـراپ ئىلمـي تەربىيىلىمـسە، قـاتتىق تەلەپ قويـۇپ خاتاسـىنى تۈزەتمىـسە، بالىلارنىـڭ روھـــى زەئىپلىـــشىپ يامـــان يولغـــا كىرىـــپ قالىـــدۇ ـ دە، ئاخىرقى ھېسابتا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئەڭ ئېغىـر ۋىجـدان ئازابىغا قالىدۇ.

25

بىلىـــسەڭ ئەي بەرنـــا يىگىـــت، قىـــزلار قەلبـــى گويـــا يەڭگىلگىنە چېكىپ قويسىمۇ جاراڭلاپ پـارە ـ پـارە بولـۇپ

كېتىدىغان خىرۇستالدەك يارقىن، سۈپسۈزۈك ۋە نازۇك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلب دېرىزىسىنى ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن خاتا چېكىپ سالما. چۈنكى قارىمۇقنىڭ قاسىرىقچىلىك كىچىككىنە سەۋەنلىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ نازۇك قەلبىگە ئالەمچە ئازاب ئېلىپ كەلسە، تىرىقچىلىك خۇشاللىقمۇ ئالەمچە شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

يىگىت بولساڭ بەخت يوقاتقۇچى، ئازاب سالغۇچىلاردىن بولماي، بەخت ياراتقۇچى، شادلىق ئاتا قىلغۇچىلاردىن بول. شۇ چاغدىلا ھايات بېغىڭدا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن خۇش پۇراق گۈللەر پورەك ئاچىدۇ.

## 26

ئاھ نادان قىز، مەن ساڭا نېمىمۇ دېيەلەيمەن - ھە!

سەن ئەسلى مۇكەممەل ئىلىم تەھسىل قىلغان بىلىملىك، ئەقىللىق ستۇدېنت ئىدىڭغۇ ئاخىر!

بىراق، سەن پارلاق ئىستىقبالىڭنى، كەلگۈسى بەختىڭنى تاشلاپ كەتتىڭ، ئۆز بەختىڭنى پۇل، ھوقۇق ۋە ئۆزۈڭ ئىشەنگەن ئايدەك گۈزەل چىرايىڭنىڭ قۇربانى قىلىۋەتتىڭ ئەمەسمۇ!

مەن سېنىڭ بەختنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن توغرا چۈشەنمەيدىغان قانچىلىغان نادان قىزلارغا ئوخشاشلا يول تۇتىدىغانلىقىڭنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، ئەپسۇس!

مىڭ ئەپسۇس!

بىلسەڭ ئەي نادان قىز، سېنىڭ ئۈنتىلگىنىڭ، ئىزدىگىنىڭ بەخت ئەمەس، بەلكى بەختسىزلىكتۇر.

## 27

بىلەمسەن گۈل، بىز بىللە تۇرغان چاغلاردا سېنى، سېنىڭ قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى، ئىچكى ھېسسىياتلىرىڭنى تولۇق چۈشەنگەندەك ھېس قىلغانىدىم، ئايرىلغاندىن كېيىن چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، مەن تېخى سېنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەنىكەنمەن. تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىمدا بولسا سەن يېنىمدا يوق!

بىلدىمكى، ئەسلىدە ھاياتلىقنىڭ مەن تېخى بىلىپ يەتمىگەن يەنە بىر مەنىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، ئادەملەر بىللە ئۆتكەن چاغلاردا، بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنى، ئىچكى ھېسسىياتىنى تولۇق چۈشەنگەندەك ھېس قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە چۈشىنىپ يېتەلمەيدىكەن، چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىنى بولسا تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىدىكەن، ھەتتا بەزىلەر مەڭگۈ ھېس قىلالماسلىقىمۇ مۇمكىن...

## 28

بۈگۈن مەۋجۇتلۇق. ئۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە تۈنۈگۈننىڭ قانداق يېزىلىشىنى ۋە ئەتىنىڭ قانداق

باشلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئالتۇن ھالقا. مۇشۇ ئالتۇن ھالقىنى مەھكەم تۇتالمىغان ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ تۈنۈگۈنى ياخشى يېزىلماي ئاق پېتىچە قالسا، ئەتىسمۇ گويا ئاي - يۇلتۇزسىز بۇلۇتلۇق كېچە ئاسمىنىدەكلا قاراڭغۇ بولىدۇ.

29

ئەخلاق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ۋىجدان — ئىنساننىڭ ئەخلاق قورغىنىنى چىرىتىش لەشكەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھۇجۇمىدىن قوغداپ تۇرىدىغان قاراۋۇل، چىرىتىش ۋىرۇسىغا قارشى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاكسىنا.

30

ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادىللىق بىلەن سادىقلىقمۇ زور بايلىق. روھىيىتىدە ئادىللىق، سادىقلىق بولمىغان ئىنساندا ئىشەنچ ۋە سەمىمىيلىكمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق ئىنسان دۇنيادىكى ئەڭ نامرات، بىچارە ئىنساندۇر.

31

قەسەم يالغانچىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نىقابى. كۆندە نەچچە قېتىم قەسەم قىلىش بىلەن باشقىلارنى ئۆز سۆزىگە

ئىشەندۈرۈش يالغانچىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى.

## 32

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نامراتلىق گويا پولات تاۋلايدىغان پېچقا ئوخشايدۇ، ئۇ سىنى تۇرمۇشنىڭ يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق ۋە تەلمۈرۈشتىن ئىبارەت ئازاب ئوچاقلىرىدا تاۋلاپ باشقىچە بىر يېپيېڭى ئادەم قىلىپ چىقىدۇ.

## 33

سەن بىر ئۆمۈر پۇل ـ بايلىققا قىزىقىپ جان تىكىپ كەلدىڭ، پۇل ـ مېلىڭ بار بولدى.

سەندە ئاشۇ پۇل ـ مال، ماددىي بايلىقلار ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغاچقىلا، ئۆزۈڭنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھېسابلايسەن. ئەپسۇس، سەندە ئىلىم ـ پەن، مەرىپەتكە قىلچىمۇ قىزىقىش يوق، سەن بىلىمدىن ئىبارەت خورىماس بايلىقتىن مەھرۇمسەن. بىلسەڭ، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز پۇل ـ بايلىقلىرى بىلەن ئەمەس، قاباھەت يوللىرىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى بىلىم مەشئىلى بىلەن ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلماس مۇنار تىكلىگەن. كېيىپ ئېيتىش كېرەككى، سەن بەخت ھېسابلىغان ئاشۇ پۇل، ماللىرىڭ ھامان بىر كۈنى سىنى بەختسىزلىك پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدۇ.

## 34

سەن ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ، ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىلەن قەلبلەر ئاسمىنىدا چولپانـدەك چاقنىغان چېغىڭدا، دىلى بىلەن تىلى بۆلەك قاباھەت مۇرتەدلىرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھەسەتنىڭ قارا بۇلۇتلىرى بىلەن سېنى يۇتۇۋېتىشقا ئۇرۇندۇ، ئۇستاز!

ئەۋلادلار قەلبىدىن يامراپ چىققان تەلپۈنۈش شاماللىرى ھەسەت بۇلۇتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ساڭا باقىدۇ، ئەي ئۇلۇغ ئۇستاز!

سەن ئۈمىد يۇلتۇزى، قاراڭغۇ يوللارنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق مەشئەل!

سەن ئىنسانىيەتنى قاباھەت چۈشلىرىدىن ئويغاتقۇچى پەرىشتە!

سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ قەلبلەر كۆكىدىكى ھەممە تەلپۈنىدىغان مەڭگۈ ئۆچمەس نۇرلۇق قۇياش!

سېنىڭ كەلگۈسىڭ ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلماس گىگانت مۇنار، ئەي ئۇلۇغ ئۇستاز!!!

## 35

سەن ئەمەلدار بولدۇڭ دوستۇم.

ئالدىڭدا يادەك ئېگىلىپ تۇرغان خۇشامەتچىلەر ئالدىدا

قەددىڭنى كېرىپ گېدىيىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا ئۇلارنىڭ كۆيىنىغا نېمىلەرنى يوشۇرۇۋالغانلىقىدىن پەخەس بول!

36

قەلبىمنىڭ قاغجىراق تۇپرىقى ھەسرەت ياشلىرىمنى باغرىغا سىڭدۈرۈۋالمىغان بولسا، مەن ئاللىقاچان ياش دېڭىزىغا غەرق بولغان بولاتتىم.

37

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى بىلەن باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن. غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقىلا، خاسلىقى ۋە ئەركىنلىككە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەركىن - ئازادىلىك ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى.

38

روھىيىتىدە غەزەپمۇ، نەپرەتمۇ، سەممىيلىكمۇ بولغان ئادەمنىڭ ئەقىل كۆزى روشەن بولىدۇ، ئاق بىلەن قارىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

## 39

خاتالىق ئادەمدە تۇغما بولىدىغان ھادىسە ئەمەس، ھېچقانداق ئادەم ھەرگىزمۇ خاتالىق سادىر بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئەمما خاتالىق مۇئەييەن شەرت - شارائىت ئاستىدا ئادەم ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا سادىر بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ خاتالىق سادىر قىلىشى ئەڭ ئېغىر خاتالىقتۇر.

## 40

ئائىلىنىڭ ئائىللىق لاتاپىتى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىشتە، يولدىشىغا سادىق، پەرزەنتىگە كۆيۈمچان، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىغا مېھرىبان بولۇشتا جۇلالىنىدۇ.

## 41

يۈرىكىم تۇپرىقى قاغجىراپ، ۋۇجۇدۇم ھالسىرىغان چاغدا سەن ياللقۇنلۇق يۈرىكىڭدىن شىپالىق يامغۇرى ياغدۇردۇڭ گۈلۈم! سېھىرلىك يامغۇرۇڭ بىلەن ئۆلگەن ئۈمىد، ئارمانلىرىم قايتىدىن بىخلىنىشقا باشلىدى. سەن قەلب بوستانىمنى ياشارتقۇچى پەرىشتەمسەن! كەل گۈلۈم، باغرىڭنى ئاچ، جەننىتىڭگە سىڭىپ كېتەي!!

## 42

— ئېيتقىنا بوۋا، بۇ جاھاندا ھەقىقەت زادى مەۋجۇتمۇ؟

— مەۋجۇت، قارا ئاۋۇ ئالدىرىشىپ كېتىۋاتقانلارغا، بىلسەڭ بىر كۈن قانچە تېز ئۆتسە ئادەم ئۆلۈمگە بىر كۈن بالدۇر يېقىنلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق توختىماستىن ئالدىرىشىپ يېقىنلىشىۋاتقىنى ئۆلۈم. ئۆلۈم — ئەڭ چىن ھەقىقەت!

## 43

ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئېنىق بىلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن سەندە بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قاتتىق ئىرادە، ھاياتنىڭ مۇرەككەپ سىرلىرىنى يېشەلەيدىغان ئاجايىپ سەزگۈرلۈك، ھاياتقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد ۋە مۇستەقىل كۆزقاراش بولۇشى لازىم.

## 44

مەن ئۇلۇغ تەگرىگە كېچە - كۈندۈز تېۋىنىپ ئەركىن-ئازادىلىك، خۇشال - خۇراملىق تىلىدىم!

ھاياتلىق دۇنياسىدا ئەركىن - ئازادە، خۇشال -

خۇرام، كۆڭۈللۈك ياشاشنى كىممۇ ئارزۇ قىلمايدۇ دەيسىز؟ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىپ، كۆڭلى پەرىشان ياشاشنى خالايدىغان بىرمۇ ئىنسان بولمىسا كېرەك. ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال ـ خۇرام، كۆڭۈللۈك ياشاش مېنىڭ، سىزنىڭ ھەم ئۇنىڭمۇ بىردىنبىر ئۈمىدى ئەمەسمۇ؟!

## 45

كۈن شەرقتىن چىقىپ غەربتە ئولتۇرسا بىر كۈنگە ھېساب، كۈن ئۇياققا ئۆتسە، پۇل يانچۇققا كىرسە: جاپاسىز، غەمسىز ئۆتكەن كۈن ئەڭ ئەۋزەل!

بۇ سېنىڭ مەنتىقەڭ ئىدى. مەن كەلگۈسىڭنى خىيال قىلىپ چەكسىز غەم ـ ئەندىشىگە پاتتىم، ئازاب پەرىسى تەنلىرىمنى رەھىمسىزلەرچە غاجىماقتا!

ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ قەلبىمنى بىر ئۆمۈر ئازابلانمىسۇن دېسەڭ، كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەن، مەن سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش نادانلىقتا قېلىشىڭنى ئارزۇ قىلمايمەن. بىلسەڭ ئوغلۇم، ئۆز پەرزەنتلىرىنى نادانلىقتا قويغۇچى بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ چەكسىز ئازاب چېكىدۇ.

## 46

سەن مېنىڭ دۇنيارىمدىكى ئەڭ بۈيۈك ئىنسان ئاتا!

تەتۈر پەلەكنىڭ قارا بۇلۇتلىرى باش ئۈستىڭدىلا لەيلەپ يۈرۈپ، قەلب خانەڭنىڭ پىنھانلىرىغىچە سايە تاشلاپ تۇرغان چاغلاردىمۇ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ، قىلچە باش ئەگمەستىن كاج تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلالىشىڭنىڭ؛ ھاياتلىق يوللىرىڭغا چەكسىز ئۈمىد بىلەن مەغرۇر قەدەم تاشلىيالىشىڭنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ چىن ئەقىدىلىك، پاك ۋىجدانلىق، قەيسەر، ئېسىل خىسلەتلىك بىر ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

## 47

روھلۇق بول ئوغلۇم، ئەتراپىڭغا قارا!

قەلب دەرىخىڭ چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك كېسىلىنىڭ ئاسارىتىدە سولىشىپ قالغان چاغدا سەن ئەڭ ئىشىنىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك دوستۇڭنى ئىزدە! قەلب دەرىخىڭنىڭ قايتىدىن ياشىرىپ دائىملا كۆپكۆك كۆكىرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ توغرا نەسىھىتى، دىلغا ھۇزۇر تەسەللىسىدىن ئارتۇق ئېسىل دورا تېپىلمايدۇ.

## 48

بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ئالدىڭغا قارا يىگىت!
پەقەت نىيەت - ئىقبالىڭ روشەن، ئىمان - ئەقىدەڭ كۈچلۈك، قەلبىڭ سەممىي، ھەرىكىتىڭ دۇرۇس بولسىلا، ماڭغان يولۇڭ داغدام، ئېرىشكەن نېمەتلىرىڭمۇ ھالال بولىدۇ. ھاياتىڭ قىممىتى، تۇرمۇشىڭ بەرىكىتى پەقەت ساپ ھالاللىقتىلا گۆھەردەك جۇلالىنىدۇ.

## 49

بىلىم ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان خورىماس ئېنېرگىيە، سەن بۇ ئېنېرگىيىنى قانچىكى كۆپ قوبۇل قىلساڭ شۇنچە تاكامۇللىشىسەن، باشقىلار تېخى بىلىپ بولالمىغاننى ۋە ھېس قىلالمىغاننى بىلەلەيسەن ۋە بالدۇر ھېس قىلالايسەن، ئەكسىچە بولغىنىدا، قېرىمۇق بولۇپ قالغان دەرەختەك بىر ئىزىڭدا توختاپ قالىسەن-دە، ھاماقەتكە ئايلىنىسەن، خالاس.

## 50

پەرزەنت ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى. ئۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چېچەك

ئاچقۇزىدىغان، بۈگۈننى ئەتىسگە ئۇلايدىغان ئالتۇن ھالقا، شۇڭا ئاتا - ئانىلار ئاشۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا نام - نىشانىنىڭ ئۆچۈپ قالمايدىغانلىقىدىن، نەسەبىنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ.

## 51

ئىنساپ - دىيانەت، ئىشەنچ ۋە ئەقىدىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئازىيىشى تەڭسىزلىك ۋە ناھەقچىلىقنى كۆپەيتىپ، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھال ئاخىردا سەسكىنىش، بىزارلىق، غەزەپ ۋە قارشىلىقنىڭ كۈچىيىشىگە تۈپ سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

## 52

بىلسەڭ ئەي ئەقىللىق دوستۇم، بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرەڭلىك، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق دائىم بىرگە ياشايدۇ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ خۇشامەت، يالاقچىلىق قىلىشىنى كۈتىدىغان كۆرەڭ، ھاكاۋۇر ئەمەلدارمۇ ھامان ئۆزىدىن چوڭراق ئەمەلدارغا خۇشامەتچىلىك ۋە يالاقچىلىق قىلىدۇ. مانا بۈگۈن سەنمۇ ئەمەلدار بولدۇڭ، سەن بۇ خىل ئىللەتلەردىن مۇستەسنا بولالارسەنمۇ؟!

## 53

قارا دوستۇم، بەزى نادان قىزلار گويا كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرى گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بەختسىز يوپۇرماققا ئوخشايدۇ. تەقدىرنىڭ تەتۈر شاماللىرى ئۇلارنىمۇ گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا ئۇچۇرۇپ ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. يىگىت بولساڭ ئۇلارنى نادانلىق پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىۋال! سەممىيىتىڭ بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇۋال! ئۇلۇغ ئانىلار خارلانمىسۇن! شۇندىلا قەلب بوستانلىقىڭدا ئەڭ گۈزەل جەزبىدار گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، هاياتلىق دۇنيارىڭ خۇش پۇراققا تولىدۇ!

## 54

دوستۇم، ئائىلە مۇنتىزىم بىر كىچىك دۇنيا، مۇقەددەس ماكان. بۇ مۇقەددەس ماكان ئۇلۇغ ئاتىنىڭ چەكسىز ساداقىتى، غەمگۇزار ئانىنىڭ ئاتەشتەك مېهرىبانلىقى، قەدىردان پەرزەنتنىڭ سەممىي ۋاپادارلىقى بىلەنلا مەڭگۈلۈك شادلىق، بەخت دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ. بىلسەڭ ئالەمنىڭ جىمى جەننىتىمۇ مۇشۇ دۇنيادىن تېپىلىدۇ.

## 55

ھايات دىشۋارچىلىقىدا ئۆزىنى يوقاتقان ئازغۇن بىر يىگىت يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاق ساقاللىق پەرىشتە سۈپەت بوۋايدىن سورىدى:

— ئەي مۆھتەرەم بوۋاي ئېيتىڭچۇ مەن زادى كىم؟

بوۋاي دېدى:

— ئەي ئوغۇل، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلەي دېسەڭ ئارقاڭغا قايتىپ، ئۆيۈڭنىڭ تەكچىلىرىدە توپا بېسىپ تۇرغان تەۋەررۈك كىتابلارنى قولۇڭغا ئېلىپ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىڭنىڭ تارىخىنى ۋاراقلا. شۇندىلا سەن ئۆزۈڭنىڭ زادى كىملىكىنى — ھەقىقىي ئۆزۈڭنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسەن.

## 56

دوستۇم، سەن ئۆزگە يۇرتلاردا سەرسان - سەرگەردان بولغان چاغلىرىڭدىلا ئانىدىن ئانا يۇرتۇڭنىڭ، ئەزىز خەلقىڭنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىسەن. ئانا يۇرت، ئەزىز خەلقىڭنىڭ شۇنچىلىك مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسەن. «ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول» دېگەن ھېكمەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يېتىسەن. شۇندىلا ئانا يۇرت، ئەزىز

خەلقىڭگە بولغان ساداقىتىڭ، ھۆرمىتىڭ تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

## 57

دوستۇم، سەن ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭنىڭ زادى كىملىكىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى ۋە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى ئېنىق بىلمەكچى بولىدىكەنسەن، ئەڭ ئاۋۋال كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا يۇرتنى، ئاشۇ ئانا يۇرتتا بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت ھەم ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت تارىخىنى ئۆزۈڭنىڭ بەش بارمىقىنى بىلگەندەكلا پىششىق بىلىشىڭ كېرەك.

## 58

ھەقىقىي ئاشىق ئۇچۇن شۇنچە كۆچلۈك دوزاخ ئوتىمۇ كۆيۈك ئوتىنىڭ ئۇچقۇنچىلىك بىلىنمەيدۇ، كۆيۈك ئازابى شۇنچىلىك دەھشەت بولسىمۇ، خۇددى پەرۋانە يالقۇندا كۆيۈپ ۋىسال تاپقىنىدەك ئاشىق ئۇچۇن لەززەت بىلىنىدۇ.

## 59

سەن ئوغلۇڭنىڭ چوڭ بولغاندا كاتتا پۇلدار بولۇپ، باي - باياشاتلىق ئىچىدە سېنى ياخشى بېقىشىنى تىلىمەي، ئەڭ مۇھىمى ئىنساپ - دىيانەت، ساداقەت،

ئادىللىق، ۋىجدان ۋە مېھرىبانلىق تىلىگىن.

60

ئۆرپ - ئادەت، قائىدىلىرىمىز تۇرمۇش چىنلىقىنى، مىللەت خاراكتېرىنى، ھېسسىيات، تۇيغۇ، قاراشلىرىنى ئۆزىدە قانچىكى ئېنىق گەۋدىلەندۈرىدىكەن، شۇنچە ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ.

61

يۆلىنىۋېلىش — ھورۇنلۇق، ئىلاجسىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۆزۈڭنى قۇدرەت تاپقۇزىمەن دەيدىكەنسەن، باشقىلارغا ئەمەس پەقەت ئۆزۈڭگە، ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىكى ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىشىڭ كېرەك. قۇدرەت تېپىشىڭنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى يۆلىنىۋېلىشتا ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدۇڭدا بولىدۇ.

62

«كەچۈرۈڭ» دېگەن بىر ئېغىز سۆز گويا كىيىمگە يۇققان ماي داغلىرىنى پاك - پاكىز چىقىرىۋېتىدىغان ئۆتكۈر سوپۇنغا ئوخشاش كۆڭۈلدىكى ئاداۋەت داغلىرىنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىدىغان ئەڭ يېقىملىق سۆز. كۆڭۈلدە

ئاداۋەت بىخلىرى ئۇنىڭەن ئىككى دوست بىر - بىرىدىن «كەچۈرۈڭ» دېگەن بۇ يېقىملىق سۆزنى ئاڭلىغىنىدا، گويا دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان سەبىي بالىدەك كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، دىلى پاكلانغاندەك ھېس قىلىدۇ. كەچۈرۈش تۇرمۇش ئالىمىدىكى ئەڭ ئېسىل خاسىيەتلىك ھېيتلىق بولسا كېرەك!

## 63

سىز سۆيگەن يىگىتىڭىزنى يەڭگىللىك بىلەن سىناپ كۆرمەكچى بولىدىكەنسىز قىزچاق! پەخەس بولۇڭكى، يىگىت غۇرۇرى گويا كۈچلۈك بومبىغا ئوخشايدۇ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭغا زەررىچە ئۇچقۇن چاچرىتىپلا قويسىڭىز، ئۇ سىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ قوشۇپ پارتلىتىۋېتىدۇ - دە، ھەممىدىنلا قۇرۇق قالىسىز. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولمايدۇ.

## 64

ئىنسان بىر ئۆمۈر ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرماشىسىمۇ، ئەمما بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئەمەلگە ئېشىشى ناتايىن. ئەگەر ئىنسان ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا دۇنيادا بەختسىزلىك مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

# بىر نىشان، ئىككى يول

ئۇلار بۈگۈن كەچ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كەڭرى كەتكەن توپتوز چىمەنزارلىققا بېرىپ تەشنا يۈرەكلەر قانغىچە ئاي سەيلىسى قىلىشقا ۋەدىلەشتى.

چەكسىز زارىقىپ كۈتۈش دەملىرىدە كەچكى قۇياش غەرب ئۇپۇقىنىڭ ئوتقاشتەك لېۋىگە سۆيدى.

ئۇلار شېرىن خىيال دۇلدۇلىغا مىنگىشىپ، شادلىق ھېسلىرى ئىچىدە چىمەنزارلىققا كەلگەن ئىزگۇ پەيتتە، سانسىز يۇلتۇزلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، ئۆزى گۇۋاھ بولغان ھايات قىسمەتلىرىدىن قىسسە سۆزلەپ بېرىۋاتقان تولۇن ئاي، كۈمۈش نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تەكشى سېپىپ، ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ، چىمەنزارلىقتا تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

— قارا گۈلۈم، چىمەنزارلىقنىڭ ئايدىڭ كېچىسى نەقەدەر يارقىن، نەقەدەر گۈزەل - ھە! — دېدى يىگىت ئەگرى - بوگرى چىغىر يولدا يانمۇيان كېلىۋاتقان جانانىغا قىيا بېقىپ.

— شۇنداق جېنىم، خۇددى بىزنىڭ غۇبارسىز، ساپ، سەمىمىي قەلبىمىزدەكلا! — دەيتتى قىزمۇ كۈلۈپلا تۇرىدىغان خۇمار كۆزلىرى بىلەن يىگىتنىڭ خىيالچان

كۆزلىرىگە نازلىق قىيا بېقىپ.

چىغىر يولغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى پاكار ئۆسكەن گۈل - چىمەنلىكلەر ئارىسىدا، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان، باراقسانلاپ ئۆسكەن بىر تۈپ ياۋا گۈل تۈۋىدە يەنە بىر جۈپ گەۋدىنىڭ مۇھەببەتلىك يۈرەكلىرى ئاستا، ئەمما لەرزان، يېقىملىق مۇزىكىدەك تىترەك ئاۋازدا شىۋىرلىشىۋاتاتتى.

تولۇن ئاي بىردىنلا قاياقتىندۇر سۈرۈلۈپ كەلگەن بىر توپ قارا بۇلۇت كەينىگە مۆكۈندى. ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى.

شېرىن خىياللار بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ، چىغىر يولدا يانمۇيان كېتىۋاتقان بىر جۈپ ياش، ماھىر رەسسام كۆكگۈل قويۇپ سىزغان ئەڭ نادىر ماي بوياق رەسىمدەك گۈزەل مەنزىرىنىڭ كۆز ئالدىدىن ۋاقىتسىز غايىب بولغانلىقىغا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. خۇددى ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز خۇشاللىقىنى كۆرەلمىگەندەك تولۇن ئاينى يۇتۇپ كېتىپ، چىمەنزارغا قارا پەردە يايغان بۇلۇتنى «قارا كۆڭۈل» دەپ تىللىدى. تەگرىدىن شامال چىقىرىپ قارا بۇلۇتنى يىراق - يىراقلارغا قوغلىۋېتىشنى، چىمەنزارغا تاكى تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر تېخىمۇ كۈچلۈكرەك يورۇقلۇق ئاتا قىلىشنى، قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كەتكەن گۈزەل مەنزىرىلەرنى، كۆكگۈل شادلىقلىرىنى، ئىزگۇ ھېس - تۇيغۇلىرىنى، تاتلىق خىياللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. لېكىن ئۇزلىرى چەكسىز ئازاب - ھەسرەت، بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان مۇشۇ قاراڭغۇ پەيتتە، ياۋا گۈل

يېنىدا ئولتۇرۇشقان ھېلىقى بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ قانچىلىك ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى، نەقەدەر خۇشال ئىكەنلىكىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن!

قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە ياۋا گۈل تۈۋىدىكى جۈپ گەۋدە بىر - بىرىگە سىڭىشىپ بىرلا گەۋدىگە ئايلاندى، يۈرەكلەر كۆكرەك قەپەسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدىغاندەكلا كۈچلۈك سوقماقتا، ئۈزۈك - ئۈزۈك نەپەسلەردىن يېشىل ئۇچقۇنلار چاچرىماقتا. چىڭ يەملەشكەن ئوتلۇق لەۋلەردىن تارالغان ئىللىق بىر ئېقىم چاڭقىغان ۋۇجۇد ساھىللىرىنى بېسىپ كەلمەكتە، روھلار ئېرىپ بىر - بىرىگە ئاقماقتا. چەكسىز لەززەتتىن مەست بولغان يۈرەكلەر ئاستا شىۋىرلىدى:

«ئەي تەڭرى، سەن چەكسىز قۇدرەت كامالىڭ بىلەن ئاي قىزنى بۇلۇت كەينىگە مۆكتۈرۈپ، بىزدەك غېرىب ئاشىقلارنى قاراڭغۇلۇققا يوشۇردۇڭ، يامان كۆزلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىدىڭ، ئۇياتسىز ھېسلىرىمىزنى ئىقابلاپ خىجىللىقتىن خالاس قىلدىڭ. بىزدەك غۇبارسىز، پاك، بىچارە ئاشىقلارغا ئاتا قىلغان چەكسىز ھىممەتلىرىڭگە كۆپ رەھمەت! ئەي تەڭرىم، مۇشۇ قاراڭغۇ كېچەڭنى تېخىمۇ ئۇزۇن قىلغايسەن!».

ئىمتاس قاراڭغۇلۇق قوينىدا، شادلىق كەۋسەرلىرىنىڭ لەززىتىنى بەھۇزۇر سۈرۈۋاتقان مەستخۇش يۈرەكلەرنىڭ، شۇ تاپتا چىغىر يول بويلاپ مۇدۇرۇپ - دوقۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ قانچىلىك

تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى، ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا نەدىمۇ ۋاقتى بولسۇن!

قاراڭ، شېرىن مۇھەببەتنىڭ يوگەنسىز قايناملىرىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاشۇ بەگۋاش ئاشىقلارنىڭ بىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا خۇشاللىقى، بەختى ئۈچۈن تەگرىدىن قاراڭغۇ بولماس گۈزەل ئايدىڭ كېچە — يورۇقلۇق تىلىدى. يەنە بىرلىرى ئايسىز كېچە — قاراڭغۇلۇق تىلىدى. ئەپسۇس! ھېچقايسىسى ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىد، شادلىقلىرىنى، ئازاب - ھەسرەت، نادامەتلىرىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمىدى.

تاڭ سەھەر، تەگرى قۇياش شاھزادىسىنى ئويغىتىپ، كائىناتقا ئىتتىرىپ چىقاردى. ئالەم يورۇدى، قارا بۇلۇتمۇ تارىدى، تولۇن ئايمۇ تاغ كەينىگە غۇلاپ چۈشتى. ئاپئاق ئايدىڭمۇ، قاراڭغۇ تۈنمۇ بىر - بىرىگە سىڭىشىپ، زېمىن باغرىغا چۆكۈپ كەتتى.

ئۆلمەس بىر مۇھەببەت يېپيېڭى ئارزۇ - ئارمانلارغا ھامىلدار بولۇپ قايتىدىن ئالەمگە كۆز ئاچتى.

# سۆيگۈ ناخشىسى

شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك بۈگۈنمۇ ئاخىرلىشىپ، بىپايان زېمىنغا گۆگۈم پەردىسى يېپىلدى.

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى سۈپسۈزۈك سۇلىرى بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان بۇلاق بېشىدىكى دۈمچەك سۆگەت يېنىدىن كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ ئېيتقان ئاجايىپ جەلپكار، سېھرىي كۈچكە تولغان، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى. سېھىرلىك مېلودىيە بارا ـ بارا ئەۋجىگە چىقىپ، مەھەللىنىڭ يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئاسمىنىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى.

ئۇزلۇقىڭغا پۈتكۈل جاھان لال،
بىر سېنىلا قىلىمەن خىيال.
مۇڭلۇق كۆزۈم ئۇيقۇدىن بىدار،
ئېيتقىن گۈلۈم بۇ زادى نە ھال.......

مەن دېرىزەمگە يۆلىنىپ ئەمدىلا بالقىغان تولۇن ئايغا قاراپ شېرىن خىياللارغا غەرق بولغىنىمچە ئاشۇ مۇڭلۇق ناخشىغا ئەسىر بولدۇم. ئاجايىپ جەلپكار، سېھرىي كۈچكە تولغان ياڭراق مېلودىيە قەلب دېرىزەمنى ئاستا چېكىپ،

خىياللار بىلەن قاتمۇقات ئورالغان ئوتلۇق يۈرىكىمگە سىڭىپ كىرىپ، تۈنجى سۆيگۈ ئاپىرىدە قىلغان ئاشۇ گۈزەل مىنۇتلارنى ئەسكە سالدى.

ھەر كۈنى مۇشۇنداق مەيىن شاماللار پۈتكۈل كائىناتقا راھەت بەخش ئېتىۋەتقان تىمتاس گۇگۇم پەيتىدە، مەن ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئاشۇ مۇڭلۇق، لەرزان سۆيگۈ ناخشىسى دېرىزەمنىڭ يوچۇقلىرىدىن بۆسۈپ كىرىپ، قەلب تارلىرىمنى تىترىتىشكە باشلايدۇ. ھەر بىر مېلودىيە گويا مېنىڭ، پەقەت مېنىڭلا مىسكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا پىنھان ساقلىنىۋاتقان سۆيگۈ سىرلىرىمنى جىمى ئالەمگە ئايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

مەن چەكسىز ئىشتىياقىم بىلەن دۇتارنىڭ مۇڭلۇق تىترىشىگە تەڭكەش ئېيتىلىۋاتقان سېھىرلىك كۈيلەرگە قۇلاق سېلىۋاتىمەن. كۈي بارا - بارا ئەۋجىگە چىقىپ تېپتىنچ مەھەللە ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، مىسكىن قەلبلەرگە ئوتلۇق سۆيگۈ ھېسلىرى ئاتا قىلىدى. شۇ تاپتا تارىم دەرياسىنىڭ دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلىرى بىپايان تەكلىماكان باغرىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ بارغىنىدەك، يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق سۆيگۈ كۈيلىرى قەلبىمنىڭ قات - قاتلىرىغا سىڭىپ بارماقتا.

ئاشۇ شۇنچە جەلپكار، ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچكە تولغان، ھەر قانداق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق سۆيگۈ مېلودىيىسىنى ياڭرىتىۋاتقان قايسى ئوت يۈرەك يىگىتتۇ؟ بەلكىم پۈتكۈل ۋۇجۇدى، بىغۇبار قەلبى

چىن سۆيگۈگە تولغان، سۆيگۈ ھارارىتىدىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان نەۋقىران يىگىت بولسا كېرەك....

سېھىرلىك تەلپۈنۈش مېنى ئىختىيارسىزلا بۇلاق بېشىغا، ئاشۇ دۈمچەك سۆگەت يېنىغا ئېلىپ باردى.

پاھ! ئەسلىدە ئۇ بىر بوۋاي ئىكەنغۇ؟ مەن ئۆز كۆزۈمگە ۋە قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. لېكىن رېئاللىققا ئىشەنمەي بولمايتتى، كۆز ئالدىمدا راستتىنلا چاچ - ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، بېلى يادەك ئېگىلگەن، يۈزلىرى ئۇزاق تارىخنىڭ يول- يول ئىزنالىرى بىلەن تولغان بىر بوۋاي دۈمچەك سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قەدىناس دۇتارىنى سايرىتىپ شۇنداق بىر مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ناخشا توۋلىماقتا ئىدى. مەن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋاتقان ھاياجىنىمنى تەستە بېسىپ، بوۋاينىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ ئولتۇردۇم، بوۋاي بىردىنلا ناخشىسىنى توختاتتى ۋە:

— قىزىم شۇنچە كەچ بولغاندا سىز بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دېدى تەئەججۈپ بىلەن ماڭا قاراپ.

— ناخشىلىرىنىڭ سېھرى بىلەن بولامدۇ بوۋا، ئەسلىدە مەن سىلىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى، قەلبى چىن سۆيگۈگە تولغان، سۆيگۈ ھارارىتىدىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان نەۋقىران يىگىت بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىكەنمەن. چاچ-ساقاللىرىنى قىرو باسقان، بەللىرى گويا ئاشۇ دۈمچەك سۆگەتتەكلا ئېگىلگەن، يۈزلىرى يول- يول ئېرىقچىلار بىلەن قاپلانغان بىر بوۋاي ئىكەنلىكلىرى

زادىلا خىيالىمغا كەلمەپتىۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن ھەيرانلىقىمنى باسالماي.

— دۇرۇس، بىر زامانلاردا مەن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم. يالقۇنلۇق قەلبىم چىن سۆيگۈگە تولغان، سۆيگۈ ھارارىتىدىن يۈرىكىم ئوت بولۇپ يانغان، ھەرقانداق بىر گۈزەلنىڭ يۈرىكىنى كاۋاپ قىلغىدەك نەۋقىران يىگىت ئىدىم. يىللار ئۆزىنىڭ تېۋىشسىز قۇدرىتى بىلەن كۆزلىرىمنىڭ نۇرلىرىنى، جىسمىمدىكى كۈچ - مادارنى، چېھرىمدىكى جەزبىدارلىقلارنى ئوغرىلاپ كەتتى، لېكىن روھىمدىكى ھېس - ئىدراكنى، ئۈمىد - ئارزۇلىرىمنى ئوغرىلاپ كېتەلمىگىنى، قەلبىمدىكى سۆيگۈ ئوتلىرىنى ئۆچۈرەلىگىنى يوق، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تولۇن ئايغا قارىغىنىچە.

بىردىنلا كاللامغا «ئەجەبا شۇنچە ياشقا كىرىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان تۇرۇپمۇ، قېرىغىنىنى تەن ئېلىپ، بەش ۋاخ نامىزىنى ئۆتەپ ساۋاب ئىزدىمەي، سۆيىمەن، كۆيىمەن دەپلا ناخشا ئېيتقىنى نېمىسى» دېگەن خىيال كېلىپ قالدى. مەن قانداقتۇر بىر خىل ناخۇشلۇق ئىچىدە:

— توۋا، شۇنچە ياشقا كىرىپ چاچ - ساقال ئاقارغاندا ئۆيلىرىدە ئولتۇرماي، سۆيىمەن، كۆيىمەن دەپلا ناخشا ئېيتقانلىرى نېمىسى؟ — دەپ سورىدىم بوۋايدىن. بوۋاي مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە نەزەرىنى ماڭا ئاغدۇرۇپ:

— ئەي نادان قىز! بىلىسىڭىز بۇ دۇنيادا سۆيگۈدىن

ئۇلۇغ، مۇقەددەس نەرسە يوق، دۇنيا سۆيگۈدىن يارالغان، سۆيگۈ بىلەن گۈللىنىدۇ، مەن، سىز ھەم بارلىق ئادەم سۆيگۈ سېھرىدىن ئاپىرىدە بولۇپ تۇغۇلغان. سۆيگۈ ناخشىسى ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق، سۆيگۈ مېھرى بىلەن ياشاۋاتىمىز، ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى پەقەت سۆيگۈ ھارارىتىدىنلا ئىللىيدۇ، شۇڭا مەن چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر شۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس سۆيگۈنى كۈيلەشكە، سۆيگۈ ناخشىسى ياڭرىتىشقا ئاتىۋەتكەنمەن. مەن پەقەت ئاشۇ مەڭگۈ ئۈزۈلمەس سۆيگۈ ناخشىلىرىم بىلەنلا سانسىز يىللارنى يىللارغا ئۇلاپ ياشاپ كەلدىم. دېمەك مەن سېھرىي كۈچكە تولغان ئاشۇ مۇڭلۇق سۆيگۈ ناخشىلىرىم بىلەن پانىينى باقىيغا تۇتاشتۇرۇپ مەڭگۈ ياشايمەن... — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي ئىپتىخارلىق بىلەن. مەن بوۋايغا قايتىدىن نەزەر سالدىم ۋە ئۇنى يېڭىدىن تونۇغاندەك بولدۇم.

بوۋاي دۇتارىنى قايتىدىن سازلىدى، گويا سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرىنىڭ بۇلدۇقلاشلىرىدەك شۇنچە يارقىن، مۇڭلۇق سۆيگۈ كۈيلىرى قەلب قەسىرىمدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتمەكتە.

كەل يۈرەككە ياققىن يۈرەكنى،
يۈرىكىمدۇر مىڭ ئاتەش - قۇياش.
ئېرىتەيلى مۇزلۇق يۈرەكنى،
يۈرەك بولسۇن يۈرەككە تۇتاش!

شۇ تاپتا يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدا بوۋاينىڭ سۆيگۈ كۈيلىرىگە ئاھاڭداش قۇدرەتلىك بىر كۈي دولقۇنلىماقتا. مەن ئاشۇ مۇڭلۇق سۆيگۈ مېلودىيىلىرى بىلەن پەرۋىشلىنىۋاتقان بىغۇبار پاك روھىمنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك جۇلاسىنى كۆرگەندەك بولدۇم...

ئاھ! مۇقەددەس سۆيگۈدىن تۇغۇلغان گۈزەل، يارقىن سۆيگۈ ناخشىسى. سۆيگەنلەر، سۆيۈلگەنلەر، سۆيمىگەنلەر، سۆيۈلمىگەنلەرنىڭ يۈرەك ساداسى! مەڭگۈ، مەڭگۈ ئۆزۈلمەس كۈي......



## ئۈمىدسىزلىك

تولۇن ئاي بۇلۇت كەينىگە مۆككەن شۇ ئاخشام غېرىبانە كۇلبەمدە چەكسىز سېغىنىش، تەلپۈنۈش ئىزتىراپلىرى ئىچىدە ئويچان كۆزلىرىمنى ئىشىك تەرەپتىن ئۈزمەي، ئۇزاق، بەك ئۇزاق كۈتتۇم.

ھېسلىرىم ئويغاق، نىمجان يۈرىكىم بىتاقەت تەلپۈنۈش ئىلكىدە روھسىز تىپىرلايدۇ.

ئىشىك يېنىك بىر خىل رىتىمدا ئاستا چېكىلگەندەك بولدى. ئىشىكنىڭ قاغجىراق يۈرىكىمنىڭ روھسىز تىپىرلاۋاتقان رىتىمغا ئوخشاپ كېتىدىغان رىتىمدا چېكىلىشىدىن سىنى كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

ئورنۇمدىن ئىتتىك قوپۇپ ئىشىك تەرەپكە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئىشىك ئالدى خۇددى گۆرىستانلىقتەك تىمتاس، سەن تۇگۇل سېنىڭ ھىد - پۇراقلىرىڭمۇ بۇرنۇمغا ئۇرۇلمىدى. لاسسىدە جايىمغىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

بىلدىم، ئەسلىدە بەگۇۋاش شاماللار مېنى يەنە ئالدىغانىكەن.

غېرىب خانەمدە مۇدھىش زىمىستان ھۇۋلاشقا باشلىدى. قەلب قەسرىمنى تۇمان قاپلىدى. قاغجىراق يۈرىكىم چاك - چاك يېرىلىپ، كۆزلىرىمدىن سوغۇق ياش تامچىلىرى مارجاندەك دومىلاپ چۈشتى.

بىلسەڭ گۈلۈم، ئوتلۇق يۈرىكىڭ مۇز تۇتقان جانسىز يۈرىكىمنى روھلاندۇرۇپ جان ئاتا قىلغۇچى تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت، ئايدەك جامالىڭ سەكپارە دىل خانەمنىڭ قاراڭغۇ پىنھانلىرىنى يورۇتقۇچى نۇر - زىيا ئىدى.

ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس!! سەن ئەمدى مەڭگۈ يېنىمغا قايتىپ كېلەلمەيتتىڭ. سېنىڭ يېنىمغا مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىڭغا ھەقىقىي ئىشەنگەن چېغىمدا غېرىب كۆلبەمنى قاپقاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۈمىد - ئارزۇلىرىمنىڭ غەمكىن جامالىغا قارا بۇلۇت ياماشتى. قەلبىم ئاسمىنىدا پىلدىرلاپ خىرە چاقناپ تۇرغان ئۈمىد يۇلتۇزۇم ساقىپ كەتتى. ئارزۇ - ئارمانلىرىم ھەسرەت - نادامەتنىڭ يىرتىق لاتىسىدا بېلىگە ئاق باغلىدى. ھايات بايرىقىم ئازابلىق سۆكۈتتە يېرىم چۈشتى.

مەن ئۆزۈمنى قارا بەختىمنىڭ زەئىپ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئازاب بۆشۈكىگە بۆلەپ، شورلۇق قوللىرىم بىلەن رىتىملىق تەۋرىتىشكە باشلىدىم...

بىردىنلا قولاق تۈۋۈمدىلا قەھرلىك بىر سادا ئاڭلانغاندەك بولدى.

مەن يەنە كىمنى، نېمىنى كۈتىمەن؟ چىن ئەقىدە، سەمىمىي ساداقىتىمنى، ئېتىقادىمنى، پاك قەلبىمنى كىمگە قوش قوللاپ ھەدىيە قىلىمەن؟ زادى كىمگە؟!

شۇ تاپتا روھسىز قەلبىم بىردىنلا جانلىنىپ، رەقىبىگە نەرە تارتقان قەھرلىك يولۋاستەك غەزەپ - نەپرەتكە تولۇپ، پەلەكنىڭ تەتۈر قىسمەتلىرىگە ئىسيان كۆتۈرمەكتە ئىدى!

## سېخىيلىق ۋە پېخسىقلىق

— دېمەك، بايلارنىڭ كۆپلىرى تولىمۇ پېخسىق كېلىدۇ، — دېدىڭ سەن گېپىڭنى يىغىنچاقلاپ. گەرچە سېنىڭ سېخىيلىق ۋە پېخسىقلىق ھەققىدە كۆرسەتكەن دەلىللىرىڭ توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى-تەكتىدىن توغرا ئەمەس ئىدى. سېنىڭ دېگىنىڭچە بولغاندا، قانداقلىكى بىر ئىشتا ئايانماي پۇل خەجلىگەن باي «سېخىي باي»، ئەكسىچە بولسا «پېخسىق باي» بولىدىكەن-دە؟

بىلسەڭ دوستۇم، پۇلنى قانداق تېپىپ، قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىلىم. ئەقىل-ئىدراكلىق بايلارنىڭ «پېخسىق» لىقى ئادەتتىكى «پېخسىق» لىق ئەمەس. ئۇلار پۇلنى قانداق تېپىشنى، قانداق، نېمىگە سەرپ قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئورۇنسىز تەرەپلەرگە بىر تىيىننىمۇ سەرپ قىلماسلىق ئۇلارنىڭ مىزانى، ئۇ ھەرگىزمۇ «پېخسىق» لىق ئەمەس. ئەكسىچە ھەر قانداق ئىشقا ئويلانماستىن قارىغۇلارچە پۇل سەرپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ «سېخىي» لىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇچىغا چىققان نادانلىق، گويا سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ كەتكەن بىپايان چۆلدىكى شورلۇق توپىغا ئۇرۇق چاچقانلىق بىلەن ئوخشاش ئەھمىيەتسىز ئىش. ئورۇنسىز « سېخىي » لىق تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئىسراپچىلىقتۇر، ئىسراپچىلىق

ئەلنى نارازى قىلىدۇ، پەقەت ئورۇنلۇق سەرپ قىلىشلا ھەقىقىي «سېخىي» لىق ۋە ساخاۋەتلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەل بۇنىڭدىن چەكسىز رازى بولىدۇ.



# خۇشامەتچىگە

قانداق مۇھىت، قانداق سورۇن، قانداق ۋاقىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئېگىلدىڭ، ھەتتا سايىسىغىمۇ ئېگىلدىڭ. بۇ سېنىڭ مەنتىقەڭ بويىچە بولغاندا « ھۆرمەت قىلىش» مىش!

ئېگىلدىڭ، ئېگىلدىڭ.... ئالدىڭغا مېڭىپمۇ ئېگىلدىڭ، كەينىڭگە يېنىپمۇ ئېگىلدىڭ، ئەمما ھەرگىز سۇنمۇدۇڭ، ئاقىۋەت قەددىڭنى رۇسلىيالماس بولۇپ قالدىڭ.

دۇرۇس، ئەمەلدارلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇ چوڭ ئەمەلدار بولسۇن ياكى كىچىك ئەمەلدار بولسۇن، «ئېگىلگەنگە ئېگىلىش» پرىنسىپى بويىچە ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەش كېرەك. ئارتۇقچە ھۆرمەت تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا خۇشامەتچىلىكتىن ئىبارەت.

دوستۇم! سەن بۇ نۇقتىنى راستتىنلا چۈشەنمەمسەن ياكى......؟

## ئەسلىگە قايتىش

سەن كىچىككىنە بىر ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئارازلىشىپ قالغانىدىن بېرى، ئۇنى ئەشەددىي دۈشمىنىڭ قاتارىدا كۆرۈپ كەلدىڭ.

گەرچە ئۇ دائىملا قەلب ئېتىزىڭغا ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى ئايىماي چېچىپلا تۇرسىمۇ، ئەمما سەن يەنىلا پاك سەمىمىيىتىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم قىلىشىڭ كېرەك ئىدى.

ئەپسۇس، ئاشۇ كىچىككىنە كۆڭۈلسىز ئىش ھەر قېتىم كۆز ئالدىڭغا كەلسىلا نازۇك قەلبىڭ ئاچچىق ئازابلارغا تولۇپ، كۆزلىرىڭدە ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كېتەتتى، مېھرىبان ئاتا-ئاناڭ، سىرداش دوستلىرىڭ سەمىمىي تەسەللى بېرىپ ئۆچ-ئاداۋەت ساقلىماسلىققا ئۈندىسىمۇ، پەرۋايىڭ پەلەك، يەنىلا ئۇنى ئەشەددىي دۈشمىنىم، دەپ قاراپ جاھىللارچە تىركىشىپ، ئۆز-ئۆزۈڭگە تۈگىمەس ئازابلارنى ئېلىپ كەلدىڭ.

كېيىن ھايات قىسمەتلىرىنى چوڭقۇر ئويلىغىنىڭدا، قەلبىڭگە ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىپ، دىلىڭغا ئازار بەرگەن دۈشمىنىڭگە قېيىداپ تەقدىرگە قارشى ئۆز-ئۆزىگە تۈگىمەس ئازابلارنى سېلىش، گويا ئالتۇن جامغا ئەك ئېسىل شاراب تولدۇرۇپ دۈشمىنىگە قوش قوللاپ تۇتۇپ،

ئۇنى سەرخىل تائاملار بىلەن كاتتا مېھمان قىلغانغا ئوخشاشلا بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتىك، شۇندىن كېيىنلا سەن ئاستا-ئاستا ئەسلىي ھالىتىڭگە قايتىپ كېلىشكە باشلىدىڭ. قەلب قەسرىڭدىكى ئاداۋەت،ئازاب تۇمانلىرى تارقىلىپ، چېھرىڭدە شادلىق جىلۋىسى پارلاشقا باشلىدى، ئىناقلىق، شاد-خۇراملىق ساڭا مەڭگۈ يار بولغاي!!

## تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى

سەن ئەزەلدىن باشقىلار ئالدىدا ئۆزۈڭنى قالتىس ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك چاغلاپ، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا ئايانماي ماختىناتتىڭ. مەيدەڭنى كېرىپ گەدىيىپ مېڭىشلىرىڭدىن، ھەممىنىلا بىلىدىغاندەك ئېيتىلغان ھەر بىر جۈملە سۆزلىرىڭدىن تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ئىپادىلىرى چىقىپلا تۇراتتى.

سېنىڭ بۇ خىل ھالەتلىرىڭنى ھېچكىممۇ ياقتۇرمايتتى، ئەل - جامائەت، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىڭ سېنىڭ ئۆز سالاھىيىتىڭگە، ئەڭ ئەقەللىيسى ئاڭلىق بىر زىيالىيغا خاس كەمتەر، سەممىي، كىچىك پېئىل، كۆيۈمچان بولۇشۇڭنى چىن دىلىدىن شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. بىراق سەن چوڭلارنىڭ ساڭا كۆيۈنۈپ قىلغان سەممىي نەسىھەتلىرىگە، دوست - يارەنلىرىڭنىڭ مەسلىھەت - تەكلىپلىرىگە قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىدىڭ، سەن ھەقىقەتەن خاتا قىلىۋاتاتتىڭ.

سەن ئۆزۈڭنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپمۇ پۇشايمان قىلمىدىڭ، ئازابلانمىدىڭ، خاتالىقىڭنى تۈزەتمىدىڭ، ھەتتا خاتا قىلغىنىڭنى ئېتىراپمۇ قىلمىدىڭ. ئۆز خاتالىقلىرىڭنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈڭدىن ئىزدىمەي باشقا

تەرەپلەردىن ئىزدەپ، دائىملا ئۆزۈڭنى ئاقلاپ «سېغىزغاندىن ساق، ئاپئاق قاردىن ئاق» چاغلاپ كەلدىڭ، بۇ سېنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېغىر خاتالىقىڭ ئىدى.

ئاخىرى سەن يەككە - يېگانە قالدىڭ، سېنى بىلگەن، چۈشىنىپ يەتكەن قانچىلىغان كىشىلەر قاتارىدا يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ، دوست - يارەنلىرىڭ، ھەتتا ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالىڭمۇ سەندىن يىراقلاشتى.

ئەقىللىق،كەمتەر ئادەملا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىنى سەممىي ئېتىراپ قىلىدۇ، خاتا قىلغىنىدىن چوڭقۇر ئازابلىنىدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ. چوڭلارنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرىنى، دوست- يارەنلىرىنىڭ مەسلىھەت - تەكلىپلىرىنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلىپ، خاتالىقنى دەرھال تۈزىتىۋالىدۇ. ئەپسۇس سەن ئۇنداق قىلالمىدىڭ.

سەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىنى ئېتىراپ قىلمىسا، خاتا قىلغىنىغا ئازابلانمىسا، پۇشايمان قىلمىسا، ئاخىرى ئۆز- ئۆزىدىن زەئىپلىشىپ، چۈشكۈنلۈك، مەھرۇملۇق گىردابىغا بېرىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۆز- ئۆزىدىن زاۋال تاپىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدىڭ.

ئاخىرى سەن راستتىنلا ئۆز- ئۆزۈڭدىن زەئىپلەشتىڭ. چۈشكۈنلەشتىڭ، سېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭ، پارلاق ئىستىقبالىڭ گويا سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈپ ئۆزلۈكىدىنلا غايىب بولغان كۆپۈكتەك ئۆز- ئۆزىدىنلا غايىب بولدى. بەختلىك، ئىللىق ئائىلەڭمۇ گويا شامالدا توزىغان

تۇزغاقتەك ۋاقىتسىزلا تۈزۈپ كەتتى. سەن مەڭگۈ زاۋاللىققا قاراپ يول ئالدىڭ.....

ئىست، سەن راستتىنلا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ماختىغاندەك قالتىس ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ئىستېدات ئىگىسى بولغان بولساڭ ئىدى كاشكى...

# بىر پارچە خەت

بىلسەڭ گۈل، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغان شۇ كۈندىن باشلاپ قولۇمغا ئىشمۇ بارمىدى، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان كىشىدەك تۇتقان، قويغىنىمنىمۇ بىلمەس بولۇپ قالدىم. ھەر كۈنى ئىنتىزارلىق بىلەن يولۇڭغا تەلمۈردۈم. بۈگۈنمۇ سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدىم ۋە تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ يولۇڭغا قارىدىم، يەنە كەچ بولدى، لېكىن سەن بۈگۈنمۇ كەلمىدىڭ. مەن گويا كېچە ئاسمىنىدا چاقناۋاتقان سانسىزلىغان يۇلتۇزلاردەك، كەڭ كەتكەن ئاسفالت يوللارنى كۈندۈزدەكلا يورۇتۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئېغىرلاشقان پۇتلىرىمنى ئاستا-ئاستا يۆتكەپ، ئايىغىنى چىقىرىپ بولمايدىغان ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە ئاشۇ غېرىبانە ياتىقىمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن.

مەن ئۈچۈن گويا تاڭ ئاتمايدىغاندەكلا شۇنچە ئۇزۇن، زۇلمەتلىك، دوزاختەكلا بىلىنىدىغان كېچە يەنە باشلاندى.....

بىلسەڭ گۈل، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغان شۇ كۈندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە، خۇددى ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگەندەك ئازابلىنىپ، تىت-تىت بولۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈش، ئازابلىق خىياللارنى سۈرۈش بىلەن قانچە

كىچە ـ كۈندۈز ئۆتكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلالمايمەن، ھەر بىر كىچە مەن ئۆچۈن راستتىنلا تاڭ ئاتمايدىغاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

سەن بارىمەن دەپ ۋەدە قىلغان كۈندىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە كەلمىدىڭ، ئەتىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، ئىندىنىمۇ..... بەلكىم مەڭگۈگە كەلمەيدىغاندەكلا قىلاتتىڭ، ئەسلىدە سەن «بارىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ خەت يازمىغان بولساڭ بوپتىكەن گۈل! «بارىمەن» دەپ قويۇپ كەلمىدىڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمىدىڭ، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ كىشىگە قانچىلىك ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسەنغۇ ئاخىر!

ئىلگىرى سېنىڭ بارىمەن دېگەن خۇش خەۋىرىڭ مېنى چەكسىز خۇرسەن قىلغان بولسا، بۈگۈن ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقىڭ مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. مەن كۈتۈش، تەلمۈرۈش، تەقەززالىق ئىچىدە ئۆزۈمنى شۇنداق يېتىمسىراپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.....

مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشنىڭ قانچىلىك ئازابلىق، مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى، كىشىنى چەكسىز شېرىن خىياللار بىلەن مەست قىلىدىغان ئىشەنچ ـ ئۈمىدنىڭ ئۈزۈلۈشى پاك قەلبكە قانچىلىك ئازاب، ھەسرەت، قايغۇ ـ ئەلەم تۇمانلىرىنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلدىم.

سېنىڭ ئېزىتقۇ ۋاپاسىزلىقىڭنى بالدۇرراق ھېس قىلالىغان بولسام ئىدى كاشكى!

بىلەمسەن گۈل، مەن سېنى دەپ، سېنى كۈتۈپ، ساڭا

ئەقىدە قىلىپ قانچىلىك ئازابقا قالدىم، قانچىلىك قىممەتلىك ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋەتتىم - ھە!

خوش گۈل! گەرچە مەن ئەمدى سېنى كۈتەلمىسەممۇ، سېنى دەپ بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ۋاقتىمغا، ساڭا قىلغان چەكسىز سەمىمىي ئەقىدەمگە ئېچىنساممۇ، ئەمما ئۆز سۆيگۈمنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر پىنھانلىرىغا يوشۇرۇپ قويىمەن!

## ئىلتىجا

— چوڭ بولغاندا قانداقراق ئادەم بولارسەن - ھە ئوغلۇم؟ — دېدىڭ دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئوغلۇڭنىڭ بېشىنى چەكسىز ئاتىلىق مېھرىڭ بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ.

— كۆپلەپ پۇل تېپىپ كاتتا مىليونېر بولىمەن، — دېدى ئوغلۇڭمۇ ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرمايلا، كۈمۈشتەك ئاقارغان ساقاللىرىڭنى سىلاپ تۇرۇپ.

— پۇل تېپىپ باي بولساڭ مېنى باقارسەنمۇ قوزام؟

— دەپ سورىدىڭ يەنە خۇشلۇقۇڭ ئىچىڭگە سىغماي.

— باقىمەن، ئەلۋەتتە باقىمەن، سېنى سەن ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇقراق شاد - خۇرام تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن، — دېدى ئوغلۇڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— دېگىنىڭ كەلسۇن ئىلاھىم! ئەي ئۇلۇغ ئاللا، ئوماق كەنجەمنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ كۆپلەپ مال - دۇنيا ئاتا قىلغايسەن، مېنى ياخشى بېقىشقا نېسىپ قىلغايسەن!

— دەپ كەنجەڭنىڭ بېشىنى سىلىغىنىڭچە ئاللادىن ساخاۋەت تىلىدىڭ.

شۇ كۈندىن باشلاپ سەن ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامىزىڭدىمۇ ئاللادىن جانجىگەر كەنجەڭگە كۆپلەپ مال - دۇنيا ئاتا قىلىشىنى، شاد - خۇرام، بەخت -

سائادەتلىك، باياشاتلىق ئىچىدە ياشاپ، سىنى ئارزۇلاپ بېقىشىنى تىلەپ كەلدىڭ.

ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس! سەن ئاللادىن ئوغلۇڭغا ئىمان - ئىنساپ، پاكلىق، نومۇس، ۋىجدان - غۇرۇر، قىسقىسى ئېسىل ئەخلاق - دىيانەت ئاتا قىلىشىنى ئېغىزىڭغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭ ......

ئىمان - ئىنساپ، نومۇس، ۋىجدان - غۇرۇرنى قايرىپ، ھالال تەر تۆكمەي تۇرۇپ تاپقان مال - دۇنيانىڭ ناپاك بولىدىغانلىقىنى، ئىنساپ - دىيانەت، مېھىر - مۇھەببەتنى زەبۇن قىلىپ، كۆزگە ئۈيقۇ، دىلغا ئارامлىق بەرمەيدىغانلىقىنى، جانغا ئىكەك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويمىدىڭ.

ئەي ئىنسان! سەن ھەقىقىي پاك ئەقىدىلىك، غۇرۇر - ۋىجدانلىق ئادەم بولساڭ، شاد - خۇرام، كۆڭۈللۈك ياشاي، ئاشۇ جانجىگەر كەنجەڭنى ھەقىقىي بەختلىك بولسۇن دېسەڭ، ئەڭ ئاۋۋال ئاللادىن ئۇنىڭغا ئىمان - ئىنساپ، نومۇس، ۋىجدان - غۇرۇر، ئېتىقاد ئاتا قىلىشىنى تىلە! پۇل - مالنى دەپ ئىمان - ئىنساپ، پاكلىق، نومۇس، ۋىجدان - غۇرۇرنى خار قىلماسلىقىنى، تاپقان مال - دۇنياسىنىڭ توغرا يول، ھالال مېھنەت بىلەن بولۇشىنى تىلە! ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشىنى، ئورۇنسىز، گۇناھلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ مەڭگۈلۈك گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقىنى تىلە!

چۈنكى ئىنسان ئىمان - ئىنساپ، نومۇس، ۋىجدان -

غۇرۇرنى قايرىپ، ھالال تەر تۆكمەي تۇرۇپ تاپقان مال - دۇنيانىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئىمان - ئىنساپ، نومۇس، ۋىجدان - غۇرۇرى، پاك ئېتىقادى بىلەن ھۆرمەت تاپىدۇ. ھالال قان - تەر تۆكۈپ تاپقان مال - دۇنيانى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشى ئارقىلىق ھۆرمەت تاپىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت!

شۇڭا ئەي ئىنسان! ئاللادىن ئاشۇ جانجىگەر كەنجەڭگە ئىمان - ئىنساپ، پاكلىق، نومۇس، ۋىجدان - غۇرۇر، ئېتىقاد ئاتا قىلىشىنى چىن ئېتىقادىڭ بىلەن تىلە!

# ھوقۇق تراگېدىيىسى

جاپالىق، ئەمما غەمسىز ئۆتكەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئانا سەھراغا قايتىپ كەلدۇق.

غايىمىز بارلىقىمىزنى مۇشۇ ئەزىز ئانا تۇپراقنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئۇنىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ، بىر- بىرىمىزگە يۆلەك بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىدى. بىرنەچچە يىللىق ھايات سەپىرىمىزدە مەن سېنى خۇددى ئۆزۈمدەك ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كۆرۈپ، ھەقىقىي دوستۇم قاتارىدا ساناپ، دوستلۇق ئەقىدىلىرىگە چىن دىلىمدىن ئېتىقاد قىلىپ، خىزمەتتە، تۇرمۇشتا دائىم ساڭا ھەمدەم بولدۇم، يېقىنلاشىڭ يۆلىدىم، ھېرىپ - چارچىساڭ سەمىمىي، پاك ئېتىقادىم ئارقىلىق قەلبىڭگە ئاراملىق بەخش ئەتتىم، ئۆگزىگە ياماشساڭ مۈرەمنى شوتا قىلىپ دەسسىتىپ يۆلەپ چىقاردىم. ئومۇمەن، دوستلۇق ئەقىدىسىگە سەمىمىي قەلبىم بىلەن ئەمەل قىلىپ، دوستلۇق مېھرىنى ئايىماي، يىگىتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم.

يېقىندا يېزا باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلگىنىڭدە مەن سەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولدۇم. چۈنكى، يېزىمىز ئۈچۈن

مۇرنى - مۇرىگە تىرەپ، تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلىدىم.

لېكىن سەن يېزا باشلىقلىق تاجنى كىيە-كىيمەيلا ۋۇجۇدۇڭدا سۇر - ھەيۋە، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، كىبىر-تەمەننا بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىشلەش، تەر تۆكۈش دېگەن سۆزنى تەكىتلەشنىڭ ئورنىغا ئويۇن - تاماشا، زىياپەت، يەپ-ئىچىش دېگەن سۆزلەرنى تەكىتلەيدىغان بولدۇڭ. بىلسەڭ ئىدى، سەن پۇرسەتنى راستتىنلا چىڭ تۇتمايۋاتاتتىڭ، ئىلگىرىكى ئىرادەڭمۇ سۇسلىشىپ، ئانا يۇرتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلايمىز دېگەن ۋەدىمىزنى ئۇنتۇپ قالغانىدىڭ.

دوستلۇق بۇرچۇم بىلەن نەسىھەت قىلسام رەنجىدىڭ، نەسىھەتلىرىمگە پەرۋايىڭ پەلەك ئۆز سەنمىڭگە دەسسەپ كېتىۋەردىڭ.

ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئەگرى-توقاي ئۇزۇن يولىدا يەنىلا قاتارلىشىپ كېتىپ بارىمىز. ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقىنىمىزدا تۇيۇقسىز نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ياردەم قىلىدۇ، دېگەن زور ئۈمىد بىلەن قولۇمنى ساڭا سۇندۇم، ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس! سەن گويا نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك گەدەيگىنىڭچە ئىلتىجالىرىمغا پەرۋايىڭ پەلەك ئاتلاپلا ئۆتۈپ كەتتىڭ، يۈزلىرىڭدە مەغرۇرلۇق كۈلكىسى، قوللىرىم بوشلۇقتا.....

چۈشەندىم، ئەسلىدە سەن مېنى ئىلگىرىلەش يولۇڭدىكى تىكەن دەپ قاراپ چاپۇتلاپ يىقىتقانىكەنسەن ئەمەسمۇ؟! دېمەك ھوقۇق سېنى چىن ھەقىقىي دوستلۇقتىنمۇ، سەمىمىي ئىشەنچتىنمۇ، يۈكسەك غايىدىنمۇ ۋاز كەچكۈزگەنىدى. شۇ تاپتا مەن قەلب ئاسمىنىمدا ئىلگىرى بىر ئويلاپ باقمىغان، ھەتتا خىيال قىلىشقىمۇ نومۇس قىلىدىغان باشقىچە بىر ئالاھىدە «غايە» نىڭ قارا كۆلەڭگىسىنىڭ لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئاخىرى سەن بارا-بارا ئۆز ماھىيىتىڭدىن، خەلقىڭدىن، ئېسىل خىسلىتىڭدىن ياتلىشىپ، ئەل نەزەرىدىن مەڭگۈ قوپالماسقا يىقىلدىڭ، ئەل ساڭا لەنەت ئوقۇدى، بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ شورى.

## بىر يىگىتكە

ھايات مۇساپەڭنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىغا قەدەم بېسىپ، بىر - ئىككى قەدەم ئېلىپلا يىقىلدىڭ، بىر قېتىملىق سىنىقىڭ مەغلۇپ بولدى. شۇ يىقىلغىنىڭچە ئورنۇڭدىن تۇرمۇدۇڭ، بىرى كېلىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپمۇ قويمىدى.

ئورنۇڭدىن تۇر يىگىت! يېتىۋەرسەڭمۇ بىرى كېلىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ. ۋاقىتىڭ ئۆتىدۇ، ئۆمۈر دەرىخىڭ پورلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. بىلگىنىڭكى، تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلەرگە ھامىلدار بۇ ھايات سەپىرىڭدە يىقىلىش، قوپۇش دائىملا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئويۇن، سەن ئاشۇ ئويۇندىكى ماھىر ئارتىس، بىر يىقىلغانچە يېتىۋالساڭ ھايات ئويۇنلىرىڭنىڭ قىزىقى بولمايدۇ يىگىت!

ئورنۇڭدىن تۇر يىگىت! بىر يىقىلغانچە يېتىۋېلىش ئۈمىدلىك، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك يىگىتنىڭ تەبىئىتى ئەمەس! بىر قېتىملىق سىنىقىڭ مەغلۇپ بولغانىغىلا ئۆزۈڭنى مەغلۇبىيەتچى دەپ قارىما، ئازراقلا بەل قويۇۋېتىدىكەنسەن، بارلىق گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىڭنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالىدۇ، كۆز ئالدىڭ خىرەلىشىدۇ، دىل خانەڭنى تۇمان باسىدۇ! مەغلۇبىيەتنىڭ ئاستىدا پارلاق

غەلىبىنىڭ مۆكۈپ يېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەن! پەقەت ئۈمىد ۋە ئىشەنچلا سېنى پارلاق غەلىبە مەنزىلىگە باشلاپ بارىدۇ. بىلسەڭ ئەي يىگىت، بۇ ھايات ئۈمىدلىك، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك ئوغلانلارغىلا چەكسىز مېھىر بىلەن بۇيۇك قۇياشتەك كۈلۈپ باقىدۇ!

ئورنۇڭدىن تۇر يىگىت! زېھنىڭنى يىغىپ، ئەقىل گۆھرىڭنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىل، شۇنداق قىلالىغان كىشىلا ئۆلمەس مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ھاياتلىق سەپىرىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالايدۇ، ئەۋلادلار قەلبىدە يىقىلماس مۇنار تىكلىيەلەيدۇ!

ئورنۇڭدىن تۇر يىگىت! ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرمايدۇ!

# بەختسىز قىز

ئەتىگەن.....

ئۆمۈر قۇياشىنىڭ ئەمدىلا بالقىپ چىقىپ يارقىن نۇرلىرىنى ھايات يوللىرىڭغا سېخىيلىق بىلەن چېچىشقا باشلىغان چاغ. سەن گويا ئېچىلاي - ئېچىلايلا دەپ قالغان گۈل غۇنچىسىدەك بىغۇبار، سەبىي سەھرا قىزى ئىدىڭ.

بىردىنلا ئېسىڭگە ئەينەككە قاراپ بېقىش خىيالى كېلىپ قالدى - دە، ئاپاڭنىڭ خاس ھۇجرىسىغا ئاستا كىرىپ ئەتىۋارلىق ئەينىكىنى ئېلىپ چىقتىڭ ۋە ھۇجراڭغا كىرىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىڭ.

شۇ تاپتا ئەينەكتە قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى گويا قۇندۇزدەك، ئەگىم - ئەگىم قاشلىرى ھىلال ئايدەك، تال - تال كىرپىكلىرى بەرگى قىياقتەك، قاپقارا قوي كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئېلىپتەك قاڭشىرى قىڭراقنىڭ بىسىدەك، نازۇك قىزىلگۈل بەرگىدەك نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىكى ئوماققىنە ئېغىزى ئويماقتەك، يۈزلىرى گويا ئىلىنىڭ ۋايىغا يېتىپ پىشقان قىپقىزىل ئالمىسىدەك پارقىراپ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىنىمۇ ھەيرەتتە قويغىدەك تەڭداشسىز بىر گۈزەل سىيما پەيدا بولدى.

ئۇ گۈزەل قىز دەل سەن ئىدىڭ.

ئۆزۈڭنىــــڭ شــــۇ قەدەر گۈزەللىكىـــدىن چەكـــسىز پەخىرلىنىــپ، يۈرەكلىرىــڭ ئوينــاپ، پۈتكــۈل ۋۇجــۇدۇڭنى ئالەمچە شادلىق ھېسلىرى قاپلىدى. بۇ دۇنيـادا گـۈزەللىكتە سـېنى بېـسىپ چۈشـىدىغان بىرمـۇ قىـز يـوقتەك، ئـۆزۈڭنى گويا جىمى ئالەم گۈزەللىرىنىڭ سۇلتانىدەكلا ھـېس قىلىــپ قالدىڭ.

بىــردىنلا بولغۇســى ۋاپادارىــڭ ــــ يىگىتىڭنــى قىيــاس قىلىــپ قالــدىڭ، «يىگىــتىم چوقــۇم پــۇل ـ بــايلىقمۇ، ھوقـۇق ـ مەرتىۋىــسمۇ بولغــان، بــويى دەل بىــر مېتىــر 90 ســانتىمېتىر، ئېغىرلىقــى 90 كىلــوگرام كېلىــدىغان، پەقەت مــاڭىلا مــاس كېلىــدىغان قەددى ـ قامەتلىــك، كېلىــشكەن يىگىت بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلىدىڭ. شۇ ھامان قەلب گۈلزارلىقىڭدا ئايلىنىپ يۈرگەن مەھەللەڭنىڭ ئاق كۆڭـۈل، ساددا، ئىشچان يىگىتلىرى بىر ـ بىرلەپ غايىب بولدى.

گۈزەللىكىڭگە ئارتۇقچە ئىشىنىشىڭ، تەكەببۇرلۇقۇڭ ۋە كىبىرىڭنىڭ ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن، قانچىلىغان ۋاپـادار، بەرنا يىگىتلەرنىڭ تەلىپى بىرسىنى ئورۇق، بىرىنى سېمىز، بىرىنــى پاكــار، بىرىنــى ئېگىــز، بىرىنــى گــاداي، يەنە بىرلىرىنى پىخسىق... دەپ قارىلىپ رەت قىلىنىۋەردى.

سەن ھـېلىھەم ئۆزۈڭ خىيـال قىلغانـدەك ســاڭىلا مـاس كېلىــدىغان قەددى ـ قــامىتى كېلىــشكەن « ئۆلچەملىــك يىگىت » نىڭ ئالـدىڭغا كېلىـپ تەلەپ قويۇشىنى كۈتـۈپ تۇرۇۋاتاتتىڭ.

ســەن ئۆزۈڭنىـــڭ گـــۈزەللىكىنى ھەم كۆڭلۈڭـــدىكى

ھېلىقىدەك «ئۆلچەملىك يىگىت» نىڭ ساڭا تەلەپ قويۇشىنىلا ئۈمۈرلۈك بەختىم دەپ قارايتتىڭ، ئەپسۇس! ھەقىقىي بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ ھېس قىلىپ يېتەلمەيۋاتاتتىڭ.

چۈش... ... ...

ئۆمۈر قوياشىنىڭ تىكلىشىپ، ھايات يوللىرىنىڭ دەل يېرىملاشقان چاغ. ئىلگىرىكى قىپقىزىل ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان، سەبىيلىك، گۆدەكلىك جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئايدەك گۈزەل چىرايىڭ گويا توزاي دەپ قالغان شاپتۇل چېچىكىنىڭ رەڭگىنى ئالغان، غەمكىن، سولغۇن چىراي «قېرى قىز» غا ئايلانغانىدىڭ.

سەن بىر تال چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك جىمجىت، غېرىبانە ھۇجراڭنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرۇپ مۇڭلۇق خىياللارنى سۈرگىنىڭچە ئەينەككە قارىدىڭ. شۇئان ئەينەكتە چېكە چاچلىرىغا ئوبدانلا ئاق سانجىلغان، قاش-كىرپىكلىرى كۆرۈنەرلىك شالاڭلاشقان، كۆز جىيەكلىرىگە گويا ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىنچىكە قورۇقلار پەيدا بولغان، بۇلاقتەك كۆزلەردىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ياشلىق نۇرلىرى سۇسلاشقان، تاتىراڭغۇ، مىسكىن بىر سىيما پەيدا بولدى.

تېخىچە خىيالىدىكى «ئۆلچەملىك يىگىت» نىڭ ئۆزىگە تەلەپ قويۇشىنى بىتاقەتلىك بىلەن ساقلاۋاتقان بۇ مىسكىن «قېرى قىز» — سەن ئىدىڭ.

سەن خىيالىڭدىكى ئاشۇ «ئۆلچەملىك يىگىت» نى ھامان بىر كۈنى كېلىپ تەلەپ قويىدۇ دەپ شېرىن خىيال

بىلەن توپتوغرا 20 يىل چۈش كۆرۈپ يۈرگىنىمنى، ئەمما ئۇنى ھەرگىزمۇ قىلىپتا قويۇۋالغىلى، زاۋۇتقا بويرۇتۇپ ياسىتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يېشىم توپتوغرا 35 تىن ئاشقاندىمۇ ۋاپادار بىر يىگىتكە، ئۇماققىنە بىر پەرزەنتكە، ئىللىق بىر ئائىلىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلالىغان بولساڭ ئىدى كاشكى، ئەي «قېرى قىز»!

دېمەك، ئۆمۈر سائىتى سەن ئۇنىڭ توختاۋسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىچە تۈيدۈرماستىنلا ياشلىق گۈللىرىڭنى توزۇتۇپ ئۆلگۈرگەنىدى.

تۇيۇقسىز ئېسىمگە بىر ئەقىل كەلگەندەك ئۇماق تەبەسسۇملىرىڭ ئاللىقاچان يوقالغان مۆكلۈك چىھرىڭگە سۇس بىر خىل كۈلكە يۈگۈردى. قولۇڭدىكى ئەينەكنى قويۇپ ئۇدۇل كوچا دوقمۇشىدىكى پەردازخانا تەرەپكە يول ئالدىڭ.

كۆنلىرىڭ پەردازخانا ئارىلىقىدا تىنىمسىز قاتراش بىلەن ئۆتمەكتە...

كەچ... ... ...

ئۆمۈر قۇياشىڭ ھايات ئۇپۇقۇڭنىڭ لەۋلىرىنى شەلپەردەك قىزارتىپ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان چاغ....

ھارغىن پۇتلىرىڭنى تەستە سۆرەپ ئاستاغىنە غېرىب كۈلبەڭگە كىرىپ كەلدىڭ - دە، ئەينەكنى قولۇڭغا ئالدىڭ. شۇئان ئەينەكتە قاردەك ئاقارغان چاچلىرى پاخپايغان، يۈزىنى گويا چىپەرقۇتنىڭ ئىزىقچىلىرىدەك يول - يول قورۇقلار قاپلىغان، زاڭگاق سۆڭەكلىرى

پولتىيىپ چىققان، قاپاقلىرى خالتىلىشىپ ساڭگىلىغان، كۆز نۇرلىرى قېچىپ تورلاشقان، ھارغىن، روھسىز بىر سىيما پەيدا بولدى. بۇ «يۈزى ئېچىلمىغان» موماي سەن ئىدىڭ.

سەن تورلاشقان كۆزلىرىڭگە ئىشەنمىگەندەك چىمچىقلىتىپ، بىردە ئەينەكتىكى مومايغا، بىردە ئۆز تەقى - تۇرقۇڭغا سەگەكرەپ قاراشقا باشلىدىڭ، كۆرگىنىڭ يەنىلا شۇ نۇرسىز، پۈرلەش چىراي......

سەن تەلىيىڭنىڭ بىر ئۆمۈر كاج كەلگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ ئۆز - ئۆزۈڭگە تىكىلىپ كەتتىڭ. چېھرىڭنى ئازاب، ھەسرەت بۇلۇتلىرى قاپلىدى، بىردىنلا كۆزلىرىڭدە ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل كۈچلۈك غەزەپ نۇرلىرى چاقنىدى. غايىبتىن پەيدا بولغان توسۇپ بولماس كۈچ بىلەن قولۇڭدىكى ئەينەكنى يەرگە ئاتتىڭ. مەرھۇم ئاپاڭدىن قالغان تەۋەررۈك ئەينەك جاراڭلاپ چېقىلىپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

يەردە چېچىلىپ ياتقان ئەينەك پارچىلىرىغا قارىغىنىڭدا كۆزلىرىڭ گويا ھازىرلا چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەكلا تېخىمۇ چەكچىيىپ كەتتى، چۈنكى سەن تېخى ھېلىلا ئەينەكتىن بىرلا مومايىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەن بولساڭ، ئەمدى ئەينەكنىڭ ھەر بىر ئۇششاق پارچىلىرىدىن نەچچە يۈزلىگەن مومايىنىڭ ھەسرەت ياشلىرى تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتىڭ.

پۇت - قولۇڭ ھالسىزلىنىپ، «ئۇھ» دېگىنىڭچە

جايىڭغىلا ئولتۇرۇپ قالدىڭ، كۆزلىرىڭ ئاستا - ئاستا يۇمۇلدى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئۆمۈر مۇساپەڭنىڭ كارتىنىلىرى خىيال ئېكرانىڭدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە.

سەن ئۆمۈر يوللىرىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەن چاغدىلا چېچىلىپ ياتقان ئەينەك پارچىلىرىغا تەپسىلىي قاراپ، ئەينەكنىڭ ھەقىقەتەن ھەقلىقلىقىنى، ئۇنىڭ مەڭگۈ ئەينەنلىكىنىڭ، ھەقىقەتنىڭ كۆرسەتكۈچىسى بولالايدىغانلىقىنى، ئۆزۈڭنىڭ بىر ئۆمۈر پەقەت «ئۆز شەخسىيىتىڭ، ئۆز مۇددىئايىڭ» ئۈچۈنلا ياشاپ، ئۆمۈر خاتىرەڭنىڭ بەتلىرى ئاق پېتىلا قالغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىڭ. ئەپسۇس، سەن ئۇنى تولىمۇ كېچىكىپ تونىغانىدىڭ.

سەن نۇرسىز كۆزلىرىڭنى ئاستا ئاچقان چېغىڭدا غېرىبانە كۈلبەڭنى گويا قازاننىڭ تۈۋىدەكلا قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەنىدى.........



# ئۈجمە كۆڭۈل

مەن ئاخىرى سەن ساقلاپ تۇرغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلدىم. شۇ تاپتا سېنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببەت نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىڭنى، بەرگى قىياقتەك تال-تال كىرپىكلىرىڭنى، بوستان چاچلىرىڭنى، ئەۋرىشىمدەك زىلۋا قەددى - قامىتىڭنى كۆرۈپ يۈرىكىم چەكسىز ھۇزۇر، سۆيۈنۈش ئىلكىدە خۇددى كۆكرەك قەپىسىمدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپچەكلىمەكتە، سېغىنىش ۋە خۇشاللىق ھېسسىياتىمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولسا كېرەك، مۇبارەك ئىسمىڭنى چاقىرىشقىمۇ ماجالىم يەتمەي، گۈزەل جامالىڭغا تىكىلگىنىمچە قاراپ تۇرۇپ قالدىم....

دەل شۇ پەيتتە قاياقتىندۇر بىر بەرنا يىگىت يېنىڭدا پەيدا بولۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە شەھلا كۆزلىرىڭگە تىكىلدى، سەنمۇ ئوماققىنە كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قولۇڭنى سۇندۇڭ - دە، قولتۇقلاشقىنىڭچە كېتىپ قالدىڭ. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي دەقىقە ئىچىدە يۇمۇپ-ئاچتىم، سەن راستتىنلا يىراقلاپ كەتكەنىدىڭ.....

— ئاھ خۇدا! — دەپ نىدا قىلدىم ئۆز - ئۆزۈمگە، نېمىشقىدۇر چاناقلىرىمدىن ئىسسىق ياشلار سىرغىپ چۈشمەكتە. شۇ چاغدا مەن خۇددى پۈتۈن ئەقىل- ھوشىنى يوقاتقان ساراڭنىڭ ئۆزىلا ئىدىم. ۋاقىتمۇ ئۆز ماھىيىتىنى

يوقاتقان بولسا كېرەك، بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ سەن كەتكەن تەرەپكە قارىسام ئۆزۈڭ تولغول قاراڭغۇ كۆرۈنمىدى. ئەسلىدە سەن مېنى ئەمەس، ئاشۇ بەرنا يىگىتنى كۈتۈپ تۇرغانىكەنسەن.

شۇنداق قىلىپ سەن چەكسىز ئۈمىد ۋە گۈزەل ئارزۇ بىلەن قولۇڭغا قونغان مۇھەببەت كەپتىرىنى پەرۋاسىزلا ئۇچۇرۇۋەتتىڭ، ئەسلى ئۇ سېنىڭ قەلب قەپىسىڭگە سولىنىۋېلىشىڭنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى - ھە!

ئۇزاقتىن بېرى قەلب ئاسمىنىمدا پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆڭۈل كەپتىرىم دىلىڭ بىلەن تىلىڭنىڭ باشقا - باشقا ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە قەلب ئاسمىنىمنىڭ ئەڭ ئېگىز قاتلىمىدىن ئەبەدىي غۇلاپ چۈشتى، شۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئاچچىق ئازاب ئىلكىدە تىترىمەكتە، قەلبىم بۇلۇڭىدا ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىم بۇلدۇقلىماقتا، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا نەزەر سالسام، بۇرۇن مېنى چەكسىز شادلاندۇرغان نەرسىلەر ئەمدى مېنى رەھىمسىزلەرچە يىغلاتماقتا ئىدى. مەن ئۆمرۈمدە بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازابلىغىنىغا قارىغاندا ئىككىنچى بىر ئادەم تەرىپىدىن ئازابلانغانلىقىنىڭ قانچىلىك ئاچچىق ۋە ئېغىر بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ قەلبىمنىڭ سۆيگۈ بەتلىرى يەنە ئاق قېلىشقا باشلىدى......

# ئۈچىنچى خاتىرىسى

بۇك - باراقسان دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، جىمجىت، خىلۋەت كوچىدا چەكسىز خىياللار ئىلكىدە ئالغا قاراپ كېتىپ بارىمەن. ئۈچراشمىغىلى ئۇزاق يىللار بولغان گۈلجانان مېنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېنى شۇنچىلىك تەقەززالىق بىلەن ساقلاۋاتقانلىقىنى ئويلىسام، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپلا بېرىپ ئىللىق باغرىغا چۈشكۈم، ناۋاتتەك لەۋلىرىدە ئېرىپ ۋۇجۇدىغا سىڭىپلا كەتكۈم كېلىپ كېتەتتى.

تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل شادلىق ئىچىدە ئالغا قاراپ تېز-تېز قەدەم تاشلاپ ماڭماقتىمەن، مەنزىلىم بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، مەنزىل يېقىنلاشقانسېرى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئەڭ يارقىن ئىزگۈ خىياللىرىمۇ كۆپەيمەكتە.

دەسلەپتە مەن گەپنى قەيەردىن، قانداق باشلىشىم كېرەكلىكىنى كۆڭلۈمگە تىزىپ قويدۇم. بىردىنلا يەنە ئەگەر ئوتلۇق كۆزلىرىمىز دەلمۇدەل ئۇچرىشىپ قېلىپ بىر-بىرىمىزگە تىكىلىپ قارىشىپ قالساق ۋۇجۇدۇمدا قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ كېتەر دېگەننىمۇ ئويلاپ قالدىم.

مەيلى مەن قانداقلا ئويلىماي ئوتلۇق كۆزلەر ئۇچراشقان ھامان پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ تەسىرىدىن گويا ئاپئاق ئىككى توپ

بۇلۇت تۇيۇقسىزلا قاتتىق سوقۇلۇپ دەھشەتلىك چاقماق چېقىلغاندەك كۈچلۈك تىترەپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

مەنزىلگە ئاخىر يېتىپ كەلدىم. ئۇ مەن كېلىۋاتقان تەرەپكە تەلمۈرۈپ، كۆز ئۈزمەستىن قاراپ تۇرغانىكەن. مەن كېچە - كۈندۈز ۋىسال تەشنالىقىدا كۈتكەن گۈلجانانىنىڭ پەرىشتىنىڭكىدەك نۇر جۇلالاپ تۇرغان يۈزىنى، ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان قوينىڭكىدەك قاپقارا، تىنىق بۇلاقتەك شوخ كۆزىنى، گۈزەللىكىگە تازا ماس كەلتۈرۈپ يارىتىلغان قىڭراقنىڭ بىسىدەك قاشلىرىنى، قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ئېچىلاي-ئېچىلاي دەپ قالغان غۇنچىسىدەك ئوماق ئاغزىنى، قىسقىسى ئۇنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز گۈزەل رۇخسارىنى ئاخىرى كۆردۈم. ئۇ كۆزۈمگە ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە گۈزەل ۋە زىلۋا كۆرۈنۈپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى مەھكەم قىستىم-دە، ئالدىمغا تارتىپ ئوتلۇق باغرىمغا ياقماقچى بولدۇم. ئەپسۇس دەل شۇ پەيتتە ئويچان كۆزلىرىم ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان يالقۇنلۇق كۆزلىرى بىلەن دەلمۇدەل ئۇچرىشىپ قالدى-دە، نۇرلۇق كۆزلىرى چولپانغا ئايلىنىپ قەلبىمنىڭ ئەڭ خىلۋەت گۇشىگە جايلىرىغىچە يورۇتۇۋەتتى، ئاخىر مەن ئويلىغاندەك ھادىسە يۈز بەردى.

شۇ تاپتا يۈرىكىم گويا قېپىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆكرەك قەپەسلىرىمگە كۈچلۈك سوقماقتا. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم خۇددى كۈچلۈك توك ئېقىمى

تارقىلىۋاتقاندەك تىنتىرىمەكتە، تومۇرلىرىمدا قانداقتۇر بىر ئىللىق ئېقىم يامراپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا كۈچلۈك ماگما ھاسىل قىلماقتا.

مەن ئويلاپ قويغان گەپلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولدۇم، ئەپسۇس تىللىرىم تۇتۇلۇپ، گەپلىرىممۇ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك. گەپ قىلاي دەپ غەيرەتكە كېلىپ بار كۈچۈم بىلەن ئېغىزىمنى قانچە رەت ئۆمەللەپ باقتىم-يۇ، ئەمما ئاۋازىمنى سىرتقا زادىلا چىقىرالمىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان بەرگىدەك چىرايلىق لەۋلىرىمۇ نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ مىدىراۋاتاتتى، ئەمما ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرالمايتتى، گەرچە يۈرىكىم ئۇنىڭ قەلبىدىكى پىنھان سىرلارنى چەكسىز شادلىق ئىلكىدە بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما قۇلىقىم ھامان ئۇنىڭ قەلب سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى.

شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، پەقەت ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىنلا ئەڭ دەسلەپ ياخشى كۆرۈشكەنلەر ئىرادىسىگە قارشى ئايرىلىپ، ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئۇچرىشىپ قالسا، يۈرەكلىرى تىپىرلاپ، تىللىرى تۇتۇلۇپ، ئويلاپ قويغان گەپلىرىنىمۇ دېيەلمەس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمىگىدەك ئاجايىپ بىر خىل شادلىق ئىچىدە تىترەپ، كىشىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئەسلىمە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس

قىلدىم. مۇشۇنداق بولۇش بەلكىم ھەقىقىي چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشكەنلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر خىل ئالاھىدە پىسخىك ھالەت بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.



# چۈش

ھەر كۈنى شۇنداق، سەن زادىلا خىيالىمدىن چىقمايسەن. گويا تاڭ ئاتمايدىغاندەكلا بىلىنىدىغان ئۇزاق تۈنلەردە كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار، بۈگۈنمۇ ياستۇققا بېشىمنى قويۇشۇمغىلا سەن يەنە خىيالىمغا كىرىۋالدىڭ. بالىلىق چاغلىرىمىزدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگىچە بولغان ئۇزاق، ئەمما بەزىدە جەننەت ھۇزۇرىدەك لەززەت ئاتا قىلغان كۆڭۈللۈك چاغلار، بەزىدە يەنە چەكسىز ئازاب، ھىجران ئاتا قىلغان ھەسرەتلىك چاغلار، تولۇن ئاي كۈلۈپ باققان سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەردە قولتۇقلىشىپ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز لەززەت ئىلكىدە يانمۇيان مېڭىشقان خىلۋەت كوچىلار، تۈگىمەس خىياللار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكەن سانسىز تۈنلەر خىيال ئېكرانىمدىن بىر- بىرلەپ ئۆتمەكتە.

خىياللىرىم چوڭقۇرلاشقانچە يۈرىكىم بىردە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلىرى ئويناقلاپ ئېقىپ تۇرغان تاغ بۇلاقلىرىنىڭ بۇلدۇقلىشىدەك ۋىلىقلاپ كۈلسە، بىردە ئالتۇن رەڭ قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن گۈل بەرگىلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان سەھەرنىڭ جۇلالىق شەبنەملىرىدەك تارام - تارام ياش تۆكەتتى.

ئاشۇ ئايىغى چىقماس ئاچچىق - چۈچۈك خىياللار

بىلەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمەيمەن. كۆز يەتمەس پايانسىز قۇملۇق، ئۆيۈڭنى قۇملۇقنىڭ ئۇ چېتىدە دېگۈدەكمىشمەن، قولۇمدا قىپقىزىل چوغدەك ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈل، بار كۈچۈمنى يىغىپ مەھەللەڭ تامان توختىماستىن يۈگۈرگىدەكمىشمەن، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈدەكمىشمەن، ئۇسسۇزلۇق دەردىدە يۈرىكىم چاڭقاپ ھوشسىزلانغۇدەكمىشمەن...... بىردىنلا گويا قۇم بارخانلىرى ئېچىدىن تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەكلا سەن يېنىمدا پەيدا بولغۇدەكمىشسەن، قولۇڭدا بىر تال قىپقىزىل ئالما، ماڭا بەرگۈدەكمىشسەن، ئاھ قۇتقازغۇچ پەرىشتە! مېنىڭ سۆيۈملۈك پەرىشتەم، دەپ ساڭا قاراپ قۇچاق ئاچقۇدەكمىشمەن!! ساڭا تەلپۈنۈپ نىدا قىلغۇدەكمىشمەن، ئەپسۇس، سەن بىردىنلا رىۋايەتلەردىكى پەرىشتىدەكلا قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كەتكۈدەكمىشسەن، قەلب ئاسمىنىمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغۇدەك، بىراق قولۇمدا قىپقىزىل بىر يۈرەك چوغ بولۇپ يېنىپ تۇرغىدەك، ۋۇجۇدۇم گۈلخاندەك يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقۇدەك، يۈرىكىم سىمابتەك ئېرىۋاتقۇدەك..... ئاھ قۇدرىتى ئۇلۇغ تەڭرىم، دەپ نىدا قىلغىنىمچە ئۆز ئاۋازىمدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم.

ئەسلىدە مەن چۈش كۆرگەنىكەنمەن، سەن — سېنىڭ مۇقەددەس روھىڭ مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانىدى، ساڭا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر گۈلۈم! سەن راستتىنلا ماڭا غەپلەت ئۇيقۇسىنى بەربات قىلىدىغان

سەھەر قۇياشىنىڭ بىغۇبار، پاك، يارقىن ئالتۇن نۇرىنى سوۋغا قىلغانىدىڭ!

قوللىرىمدا چاقناپ تۇرغىنى پارقىراپ تۇرغان قىپقىزىل ئالما بولماستىن، يالقۇنلۇق چوغدەك يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق يۈرىكىڭ ئىدى، سەن قىپقىزىل ئالما ئەمەس، يالقۇنلۇق يۈرىكىڭنى ماڭا بەرگەنىكەنسەن، قىزىل ئالما دەل يۈرىكىڭنىڭ سۈرىتى ئىدى.

ئاھ گۈل! مەن سېنى باشقىدىن چۈشىنىپ يەتكەنىدەك بولدۇم. شۇ تاپتا كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار، مەن يەنە چەكسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدۇم........

يۈرىكىڭ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا دۈپۈلدەپ سوقماقتا......

## نەسىھەت

دوستۇم، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، سەن تېخى تۇنۇگۇنلا يېزىمىزنىڭ كەڭ داللىرىدا قوي بېقىپ، تال - چىۋىقنى ئات قىلىپ ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يوللىرىدا قىيغىتىپ، چاڭ - تۇزان كۆتۈرۈپ ئوينايدىغان دېھقان بالىسى، دېھقان بولغاندىمۇ يېزىمىز بويىچە نامى بار ئەڭ نامرات «بەشتە كاپالەت» نىڭ بالىسى ئىدىڭ. ئاتا - ئاناڭنىڭ يېمەي - ئىچمەي قىسنىشى، ئاق كۆڭۈل، خىزىر سۈپەت دېھقانلىرىمىزنىڭ، مەرىپەتپەرۋەر، سېخىي، مەرد ئوغلانلىرىمىزنىڭ مىننەتسىز ياردىمى بىلەن ئالىي مەكتەپنى غەمسىز پۈتتۈرۈپ يەنە شۇ باغرى ئىللىق يېزىمىزغا — قايناق شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئارىسىغا قايتىپ كەلدىڭ. شۇ چاغلاردا مېھرىبان ئاتا - ئاناڭ، ئاق كۆڭۈل دېھقانلىرىمىز سەندىن پەخىرلەنگەن، ساڭا ئىشەنگەن، سەندىن زور ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى......

ئەسلىدە سەن يۇرتىمىز ئۈچۈن، ساددا، ئاق كۆڭۈل دېھقانلىرىمىزنىڭ شادلىقى، بەختى ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىڭ، پەرزەنتلىك بۇرچۇڭنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەپسۇس! «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، سەن يۈز-ئابرۇيۇڭنىڭ، ھوقۇق - مەرتىۋەڭنىڭ ئۆسۈشىگە سۇنماس شوتا بولۇپ بەرگەن ئاشۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل، خىزىر سۈپەت دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى، ئىشەنچىسىنى يەردە قويدۇڭ. سەن ئۇلار ئۈچۈن

ئەمەس، ئۇلار سەن ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. سەن ئۇلارنىڭ مىننەتسىز ئەمگەك مېۋىسى بەدىلىگە نام-ئابرۇي، هوقۇق - مەرتىۋىگە ئىگە بولدۇڭ. مەرتىۋەڭنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كىبىرىڭمۇ يۇقىرىلاپ، نەپسىڭمۇ يوغىناپ باردى. سېنىڭ نەپسىڭنى ئوتتىن يارالغان بولغىيمىدى دېگۈم كېلىدۇ، ئەل ئارىسىدا «يەرلىك خاقان» دەپ نام ئالدىڭ...

سەن ئەسلىڭنى، ئۆتمۈشىڭنى ئۇنتۇدۇڭ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭنى ئاختۇرسا سېنىڭ تۇنۇگۇنۇڭنىڭ — ئەسلىڭنىڭ ئىزنالىرىدىن زەررىچىلىكمۇ تېپىلمايدۇ. بىلسەڭ دوستۇم، قايسى بىر دانا «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان، شۇنداق، ئەسلىنى ئۇنتۇش ئۆزىنى ئۇنتۇغانلىق، ئۆزىگە ئەقىدە قىلمىغانلىق بولىدۇ، ئەقىدىسىز كىشىدە ئۈمىد بولمايدۇ، ئۈمىدسىز كىشى ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ هازىر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، كېيىن نېمە قىلماقچى، قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ....

دوستۇم ساڭا ئېيتاي، ئەسلىڭنى هەرگىز ئۇنتۇما!! ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، پاك، خىزىر سۈپەت دېهقانلىرىمىزغا — بىزنىڭ هاياتلىق قۇياشىمىزغا سەجدە قىل، هاياتلىق بوشۇكىمىز بولغان ئانا زېمىن — كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن سېغىز تۇپراقنى كۆزۈڭگە سۈرت! چۈنكى، ھەقىقىي ئېتىقاد، پاكلىق، ساداقەت، ئىشەنچ - ئۈمىد ۋە سەممىيلىك شۇلار ئارىسىدىن، ئاشۇ ئانا يۇرتتىن تارقىلىدۇ.

# بۈگۈن

## 1

ئىنسان ھاياتى چەكلىك بولىدۇ، بۇ چەكلىكلىك پەقەت ھاياتنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ھاياتلىق — ۋاقىت، ۋاقىت — مەۋجۇتلۇق. ئىنسان مەۋجۇتلۇقى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا دەل بۈگۈن ئىچىدە بولىدۇ.

«بۈگۈن — مەۋجۇتلۇق».

بۈگۈن — تۈنۈگۈننى ئەتىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن ھالقا، ئەتىگە بېرىش ئۈچۈن چوقۇم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان كۆۋرۈك. ئەتە ئىنسانغا چەكسىز ئۈمىد - ئىشەنچ، بەخت، خۇشاللىق ئاتا قىلىشىمۇ؛ ئۈمىدسىزلىك، ئاچچىق ئازاب، قايغۇ - ھەسرەت ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

بۈگۈن — مەڭگۈ توختىماس جۇشقۇن بىر ئېقىن، ئۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ سانسىزلىغان تۈنۈگۈنلىرىنى ھاسىل قىلىپ، گۈزەل، يارقىن،ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرىنى — ئۆتمۈشىنى يارىتىدۇ ھەم يەنە مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەتىدىن ئىبارەت بۈيۈك كەلگۈسىنى — سانسىزلىغان ئەتىلەرنى تۇغۇپ، ھاياتلىق شامىنى ياندۇرۇپ، ئىنسانغا ئۈمىد، ئېتىقاد، غايە ئاتا قىلىپ، يېڭى - يېڭى بۈگۈنلەرنى يارىتىدۇ.

«تۇنۇگــۈن ئۆتمــۈش، بۈگــۈن مەۋجۇتلــۇق، ئەتە كەلگۈسى».

ھەر بىر ئىنسان ئەۋلادلار مەڭگۈ ئەسلىگىدەك گۈزەل، يارقىن تۈنۈگۈننى يارىتىش، بۈيۈك كەلگۈسى — ئەتىنى بەخت - سائادەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈننى چىڭ تۇتۇشى، بۈگۈننىڭ ھەر بىر قەدىمىنى پۇختا بېسىشى، بۈگۈننى قەدىرلىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، قانچىلىغان ئەتىلەر بۈگۈنگە، بۈگۈنلەر تۈنۈگۈنگە ئايلىنىپ، ئاي - يىللار توختىماي ئۆتۈۋېرىپ، ئەسلىدىكى مەزمۇت، بەرنا قامىتىڭنى گويا پورلىشىپ يىقىلىپ قالاي دەپ قالغان دۈمچەك سۆگەتتەك تۇيدۇرماستىن ۋاقىتسىزلا مۈكچەيتىدۇ. بۈگۈننى — مەۋجۇتلۇقىمىزنى قانداق تونۇشىمىز، قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز تۈنۈگۈنىمىزنىڭ قانداق يېزىلىشىنى، ئەتىمىزنىڭ قانداق باشلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، ھايات دەرىخىمىزنىڭ كۆكىرىپ تۇرۇش ياكى قۇرۇپ قېلىشىنى بەلگىلەيدىغان يىلتىز دەل بۈگۈن ئىچىدە!

## 2

بۈگۈن مەن ئۆزۈمنى — ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويدۇم، ئەي خالايىق مېنى كۆردۈڭلارمۇ؟!

مەستلىكتىن سېزىملىرىم يوقالغان، كۆزلىرىمنىڭ نۇرى قاچقان، يۈزلىرىم گويا تاشلىۋېتىلگەن پۇرۇچ لاتىدەك

پۈرلىشىپ، كونا تامدەكلا تاتىرىپ خۇنى قاچقان، كاللام خۇددى ئۇرۇقنى ئېلىۋەتكەن قاپاقتەكلا قۇپقۇرۇق، ئالتاغىل تۇۋۇلاپ ناخشا ئېيتقىنىمچە بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا دەسسەپ چوڭ كوچىدا كېتىپ بارماقتىمەن. لېكىن ئۆزۈمنىڭ نەدە، قەيەرگە كېتىۋاتقىنىمنى؛ ئۆيۈمنىڭ نەدە، قايسى كوچىدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.

قانچە قېتىم يىقىلىپ، قانچە قېتىم ئورنۇمدىن تۇرغانلىقىم ئېسىمدە يوق، بىر چاغدا ئېسىمنى يىغىپ نۇرسىز كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا نەزەر سالسام، بىر كاتتا مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىلا تۇرۇپتىمەن. ئەزەلدىن بۇنداق كاتتا مېھمانخانىدا يېتىپ بېقىش نېسىپ بولمىغانىدى، بۈگۈن بىر ئاخشام قونۇپ قالماقچى بولدۇم.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىغاندەك قىلدى مۇلازىمەت ئورنىدىكى پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن زىلۋا بىر قىز. ھازىرغىچە بىر قىزنىڭ مۇشۇ قىزدەك مېنىڭ باش - ئايىغىمغا شۇنچىلىك تەپسىلىي قارىغىنىچە جانان چىنىنىڭ جىرىڭلىشىدەك زىل، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئىسمىمنى سوراپ باققىنىنى بىلمەيمەن. مەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل شېرىن ھېسسىيات بىلەن نېمىنى سورىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالماي قىزنىڭ چولپاندەك كۆزلىرىگە تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. قىز بىردىنلا تېرىككەندەك بولدى، ۋە:

— كىملىكىڭىزنى چىقىرىڭ، — دېدى خېلىلا قاتتىق ئاۋازدا. كىملىكىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم.

— ئىسمىڭىز مۇھەممەد ئىكەنغۇ؟ — دېدى قىز بىر

ماڭا. بىر كىملىككە قاراپ تۇرۇپ. «نېمە، مۇھەممەد دەيدىغۇ بۇ قىز، كىم بولغىيدى مۇھەممەد دېگەن؟ مەن دېگەن مەممەت تۇرسام» دەپ پىچىرلىدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.

— مىللىتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى قىز يەنە مەندىن. «توۋا بۇ قىزنىڭ كۆزىدە مەسىلە بارمۇ قانداق؟ مەندەك بىر ھەقىقىي ئۇيغۇرنى پەرق ئېتەلمىگىنى نېمىسى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە كۆزلىرىمنى تىكىپ تۇرۇپ:

— كۆرمەيۋاتامسىز، مەن ھەقىقىي ئۇيغۇيمەن، — دېدىم.

— ئۇيغۇر دېمەمسىز، — دېدى قىز خۇددى مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەكلا تەئەددى بىلەن.

— ئۇيغۇي دېدىمغۇ، شۇ ئۇيغۇي، — دېدىم مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ. قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدە بىردىنلا كۆكۈچ نۇر ئۇچقۇندىدى، ئايدەك يۈزى تاتىرىپ، مۇسكۇللىرى تىترەپ كەتتى.

— ھە بوپتۇ، بوپتۇ، سىز راستىنلا ئۇيغۇي ئىكەنسىز، كەسپىڭىز نېمە؟ — دېدى قىز ئاچچىقى بىلەن سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپ. كاللامغا بىردىن «ئەجەب ساقچىلاردەكلا سوراپ كەتتا بۇ قىز، كۆزىگە باشقىچىرەك كۆرۈنۈپ قېلىۋاتىمەنمۇ قانداق» دېگەن خىيال كېلىپ قالدى. تۆگىمەس سوراقلار مېنى بىزار قىلىپ، مەستلىكىممۇ بىرئاز يېشىلگەندەك بولدى.

— كادىر! بىلىپ قويۇڭ مەن كادىر! يېزىلىق ھۆكۈمەتتە شاڭجاڭمەن تېخى! — دېدىم قىزچاقنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىمچە زەردە بىلەن.

— نېمە! يېزا باشلىقى؟ يېزا باشلىقى دېدىڭىزما؟ — دېدى قىز نېمىگىدۇر ھەيران بولغاندەك ۋە مېنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇستۇمگە قاراپ. ئېسىمدە، مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يۈزىدىكى كۈلكە ئورنىنى ئاللىقانداق بىر خىل چۈشىنىكسىز تەشۋىش، ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچ ئىگىلىۋالغانىدى. ھېلىقى سۈزۈك، يورۇق كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ، مېنىڭ يۈزۈمگە ئۆكسۈپ، بىر ھازاغىچە ئۈنسىز قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن قاتتىق چۆچۈدۈم. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلىدىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. مەن بولسام تېخىچە ھېچنىمىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

مەن شۇندىلا قىزچاقنىڭ مەندەك بىر ھاماقەت ئەمەلدارنىڭ كىملىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، مىللىتىنى، كىم ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى؛ نەدە، قايسى زاماندا، قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى؛ قىسقىسى ئۆزىنىڭ زادى ھەقىقىي كىملىكىنى بىلمەستىن تۇرمۇشنىڭ مەينەت، قاراڭغۇ كوچىلىرىدا سەۋدايىلارچە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەنلىرىگە نەپرەتلىنىپ، ئاچچىق ئازابتا

ئۇھسىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن، ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن ئېچىندىم. بىردىنلا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ، غەپلەت تۈنلىرى ئىچىدە كىرلەشكەن قەلبىمنى يۇيۇپ تازىلىۋەتمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىمدىن ياش كەلكۈنى يامراشقا باشلىدى...

# ئۆكۈنۈش

توي خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ چەكسىز ئازابلانساممۇ، ساڭا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچ مېنى راستتىنلا تويۇڭ بولغانلىقىغا ئىشەندۈرمىدى، مەن بار كۈچۈم بىلەن سېنىڭ مەھەللەڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم، ئۆيۈڭگە يېقىنلاشقىنىمدا ناغرا-سۇنايىنىڭ شادىيانە ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن گويا يەرگە چوڭقۇر قېقىۋېتىلگەن قوزۇقتەك جايىمدىلا توختاپ قالدىم. ئۆيۈڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەشرەپ ساداسى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى گويا چاقماق سوققاندەك تىترىتىۋەتتى.

بۈگۈن راستتىنلا سېنىڭ تويۇڭ بولغانىدى. ئەسلىدە مەن سېنىڭ بەختىڭنى مېنىڭ بەختىم، سېنىڭ خۇشاللىقىڭنى مېنىڭ خۇشاللىقىم دەپ بىلەتتىم، شۇڭا تويۇڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇم كېرەك ئىدى، ئەپسۇس مەن خۇشال بولالمىدىم، ئەكسىچە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ھالدا قاتتىق ئازابلاندىم....

سەن ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىڭغا لايىق سەممىي، مېھرىبان، ئار-نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق، سۆيۈملۈك بىر ساھىبجامال ئىدىڭ، مەھەللەڭدىكى قانچىلىغان بەرنا يىگىتلەر سېنىڭ پەرۋا قىلمىغىنىڭغا قارىماي ئارقاڭدىن سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرەتتى، ئاشۇ ساڭا ئاشىق بىقارار بولغان قانچىلىغان بەرنا يىگىتلەر ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم.

بەلكىم مەن بەكمۇ شەخسىيەتچى بولسام كېرەك، سېنى پەقەت مەڭگۈ ماڭىلا مەنسۇپ بولسىكەن، مۇبارەك بېشىنى مېنىڭلا كۆكسۈمگە قويۇپ يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدىكى پىنھان سىرلىرىمنى تىڭشىسا، سۇمبۇل چاچلىرىنى مەنلا، پەقەت مەنلا سىلاپ ھۇزۇرلانسام دەپ خىيال قىلاتتىم، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! بۈگۈن راستتىنلا سېنىڭ تويۇڭ بولغاندى.

قانداقلارچە سېنىڭ دەرۋازاڭ تۈۋىگە بېرىپ قالغانلىقىمنى ئۇقمايمەن، ئەتراپىمدا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغانلارغىمۇ پەرۋا قىلماي سېنىڭ ھۇجراڭ تەرەپكە كۆزۈمنى ئۈزمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا توي مۇزىكىسى راسا ئەۋجىگە چىقىپ، ياڭراق كۈلكە سادالىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئېسىمگە كەلسەم تۇزدەك ياسانغان ئىككى قىزنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، دەرۋازاڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان، ماھىر قوللار بىلەن ئۆزگىچە، نەپىس، ئالاھىدە بېزەلگەن توي ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتىڭ، دېمەك سېنى يىگىت تەرەپ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە بۈگۈن سەن ئۆچۈن ئۆمرۈڭدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئىچ - ئىچىڭدىن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىڭچە، گويا بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك ئاستا قەدەم بىلەن ئالدىمدىنلا ئۆتكىنىڭدە، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن كۈچلۈك ۋولقان ئېتىلىپ چىققاندەك، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئىچ -

ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.

قانچىلىك يىغلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا بىرى كېلىپ مۈرەمگە ئاستا ئۇردى، ئېسىمگە كەلسەم ئالدىمدىلا ئوتتۇرا ياش بىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى ساڭا، يىگىت تۇرۇپ بۇنچە يىغلىغۇدەك؟ بۈگۈن قانداقتۇر بىر مۇسىبەت كۈنى ئەمەسقۇ ئاخىر، — دېدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن.

— بۈگۈن ئۇنىڭ تويى بولدى، — دېيەلىدىم مەنمۇ ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرماي. ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە:

— ئەرگە تەگسە ئۇ قىز تەگسە سەن نېمىدەپ شۇنچە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن ئەسلى «چىدىماق تەسكەن» دەپ جاۋاب بەرمەكچى ئىدىم، بىراق نېمىشقىدۇر ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

مەن راستتىنلا سېنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، بۇلبۇل قىزىلگۈلدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەندەك، مەنمۇ سېنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا، «مەن سېنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن» دېگەن يۈرەك سىرىمنى ساڭا بۇرۇنراق دېيەلمىگەنلىكىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم.

بۈگۈن راستتىنلا سېنىڭ تويۇڭ بولدى، ئەپسۇس مېنىڭ ۋۇجۇدۇم مەڭگۈلۈك ماتەم تونىغا ئورالدى.

## ھەقىقىي ياشاش

ئۇ گويا باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياق - بۇياققا تىنىمسىز ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەردىن، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىغان قايناق رەستە كوچىدىن بىزار بولغاندەك، شەھەرنىڭ ئەڭ خىلۋەت ئارقا كوچىسىدا ھايات، ئېتىقاد، ئۈمىد، مېھىر - شەپقەت ۋە يەنە ئىنسان روھىيىتىدىكى ئالىقانداق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر خىيال سۈرگىنىچە كېتىپ باراتتى. «قاچقانغا ياماشقان» دېگەندەك، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان كۆرۈنۈشىدىن «پۇۋ» دەپلا قويسا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك شۇنچە ئەبگار، يۈز - كۆزلىرىنى قاسماق باسقان، 50 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر مەست دەلدەڭشىپ كەلگىنىچە ئۇنىڭغا سوقۇلدى ۋە چۆچەكتەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىنىچە «ئىچىمىز! ياشايمىز!... » دەپ ۋارقىرىدى. مەستنىڭ سوقۇۋېتىشى بىلەن چوڭقۇر خىياللىرىنىڭ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدىن غەزىپى تاشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۈندىمەستىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىراق مەست «قاچما هوي دوستەك، بۇگۈن يۈرەك چىلاشقۇدەك ئىچىپ، پۇخادىن چىققۇدەك ئوينايمىز، ياشايمىز...» دېگىنىچە بۇدۇشقاقتەك يېپىشتى. بىردىنلا ئۇنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، ئۇ مەستنىڭ مۈرىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— ياشايمىز؟ مۇشۇمۇ ياشىغانلىقمۇ؟ بىلسەڭ ھەي مەست، بۇ ياشىغانلىق ئەمەس، بەلكى... — دەپ ۋارقىرىدى ۋە نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمە، سىز مېنى مەست دېدىڭىزما؟ مەن مەست ئەمەس، — دېدى مەست كۆزلىرىنى تېخىمۇ چەكچەيتىپ ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ياشىغانلىق ئەمەس دەمسىز؟ سىز ياشاشنى بىلمەيدىكەنسىز، بۇ ياشىغانلىق بولماي نېمە؟ ئۆلگەنلىكما؟ ياق-ياق! مانا بىر ئوبدان ياشاۋاتمايمەنمۇ؟

ئۇنىڭ غەزەپ قاچىسى يېرىلدى - دە، مەستنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە:

— توغرا، سەن ئۆلگەن ئادەم، سەن مەستلىك — نەسلىك، نەسلىك — پەسلىك دېگەننى بىلمەمسەن؟ سېنىڭ چاچ- ساقاللىرىڭغا ئاق كىرىپ، قېرىلىق يەتكەن تۇرۇقلۇق، ئۆيىڭدە تىنچ ئولتۇرۇپ ئوماق نەۋرىلىرىڭگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان چاغلىرىڭدىمۇ ئۆزۈڭنىڭ بالىسىدەك قىزلارنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ شۆلگەيلىرىڭنى ئېقىتىپ، ناز- كەرەشمىلىرىدىن مەستخۇش بولۇپ، كوچىلاردا مەست - ئەلەس يۈرۈشۈڭ ياشىغانلىقىڭمۇ؟! ياق! ئۇ ياشىغانلىق ئەمەس، بەلكى ئالتۇندەك ئەقلىڭنى، ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىڭنى، ساپ ۋىجدانىڭنى، ئەرلىك غۇرۇرۇڭنى بۇلغىغانلىق. بىلسەڭ سېنىڭدەك كىشىنىڭ قەلبىدە ھايات، ئېتىقاد، ئۈمىد، مېھىر- شەپقەت دېگەنلەر بولمايدۇ. دېمەك سەن روھىڭ ئۆلگەن ئادەم، روھى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈكتىن نېمە پەرقى؟! توغرا، سەن

ئىچەلەيسەن، يېيەلەيسەن، ئەمما ياخشىلىق - يامانلىقنى، پايدا - زىياننى بىلمەيسەن، باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىسەنكى، ھەرگىز تېرىقچىلىك پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزمەيسەن، دېمەك سەن ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن بىلەن باراۋەر بولماي نېمە؟! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، بىراق مەستىنىڭ پەرۋاسىزلا چەكچىيىپ قاراشلىرىدىن، ۋارقىراپ - جارقىراپ قانچە گەپ قىلسىمۇ مەست ئۇچۇن ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، بىزەڭ مەستكە غەزەپلىك بىر ھومىيىش ھەدىيە قىلىپ يولىغا راۋان بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنىلا «ئىچىمىز! ياشايمىز!... » دېگەن سادا ياڭرىماقتا، كاللىسىدا بولسا «قاراڭلار، ئەنە شۇلار بىزنىڭ دادىلار، بىزنىڭ ئاكىلار، ئىست، ئۇلار ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئېسىل نەرسىنىڭ روھ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا كاشكى، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆز روھىنى پاكلاش ھەم ئۆزىنى چۈشىنىش ئۇچۇن ياشىغان بولاتتى» دېگەن خىياللار ئەگىپ يۈرمەكتە. دۇرۇس، ئادەم دېگەن قىسقا ياكى ئۇزۇن ياشىسۇن ھامان ئۇنىڭ نام - نىشانى، هايات سەپىرىدە قالدۇرغان ئىزى بولۇشى كېرەك، ئۇ پەقەت ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى، خەلقىنى، ئەۋلادلىرىنى ھەم مىللىتىنى ھەقىقىي ماھىيەتتىن چۈشەنگىنىدە، بىلگىنىدە، تونۇغىنىدا، ئاندىن هايات تارىخىدا ئۇنتۇلماس نام - نىشان، ئۆچمەس ئىز قالدۇرالايدۇ ھەم ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ!

# ياخشى تىلەك

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ، — دېدىڭ سەن كۈلۈمسىرىگىنىڭچە پاختىدەكلا يۇمشاق قوللىرىڭ بىلەن يىرىك، قوپال قوللىرىمنى سىقىپ تۇرۇپ. تىلىگىنىڭ كەلسۇن ئىلاھىم، دەپ تىلىدىم مەنمۇ ئىچىمدە.

شېرىن چۈش كىشىگە تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ، مەن راستتىنلا ئاجايىپ شېرىن، لەززەتلىك، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان چۈش كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇس، گويا تاڭ ئاتمايدىغاندەكلا بىلىنىدىغان قانچىلىغان ئۇزاق تۈن چەكسىز خىياللار ئىلكىدە، ئۇيقۇسىز ئۆتۈپ، سەن تىلىگەندەك، مەن ئارزۇ قىلىپ ئويلىغاندەك ئۇنداق شېرىن چۈشنى كۆرەلمىدىم.

بىلىسەڭ، قانداق ياشاش، قانداق ئۆلۈشىمىز ئۆز ئەركىمىزدە بولمىغىنىدەك، ئۆزىمىز تىلەپ، ئارزۇ قىلىپ شېرىن چۈش كۆرەلمەيدىكەنمىز.

بۈگۈن كېچە مەن سېنىڭ ياخشى تىلىكىڭگە، ئۆزۈمنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانىمغا قارشى ناھايىتى قاباھەتلىك بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە سەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغۇدەكمەن.

لېكىن مەن بەك خۇشال، چۈنكى مېنىڭ چۈشۈم دائىملا تەتۈر كېلىدۇ. مەن تۇيغۇلىرىمغا ئىشىنىمەن، سەن چوقۇم

يېنىمغا قايتىپ كېلىسەن، شۇ چاغدا مەن پاك سۆيگۈنىڭ شېرىن لەززىتىنى چۈشۈمدە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئوت-ئاتەش ياندىغان ئىللىق باغرىڭدا سۈرىمەن. تېزراق كەل گۈل، ئىزگۈ تىلەكلىرىمىز پورەك ئاچسۇن، رېئاللىق بىزگە قۇچاق ئاچماقتا!



# كەچۈر گۈل

كەچۈر گۈل! مەن سېنى ئورۇنسىزلا رەنجىتىپ قويۇپتىمەن.

شۇ چاغدا مەن باشقىلار تەرىپىدىن ئورۇنسىز رەنجىتىلگەن كۆڭۈلنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى، خورلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىكەنمەن. مانا بۈگۈن مەنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئورۇنسىزلا رەنجىتىلدىم، يۈرىكىم گويا كۆيۈك يارىسىغا تۇز سەپكەندەك ئېچىشتى. شۇندىلا مەن يۇقىرىقى ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. سېنى رەنجىتكىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلاندىم، ئېچىندىم، ۋىجدان ئازابى تارتتىم. سېنى رەنجىتكىنىم ئۈچۈن سەندىن چىن قەلبىمدىن ئەپۇ سورايمەن، كەچۈر گۈل! ئەپۇ قىلىش ياخشىلارنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى!

# قەلب كۆزى

سەن گويا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، گويا پاختىدەكلا يۇمشاق بىلىنىدىغان ئىككى قولۇڭ بىلەن كۆزلىرىمنى توسۇۋالدىڭ ـ دە، شۇنچە مۇلايىم، يېقىملىق ئاۋازدا ئاستا شىۋىرلاپ:
— مەن كىم؟ قېنى تېپىپ بېقىڭچۇ؟ — دېدىڭ. گەرچە كۆزلىرىمنى يۇمشاق قوللىرىڭ بىلەن توسۇۋالغان بولساڭمۇ، قەلب كۆزۈم ھامان ئوچۇق ئىدى. مەن سېنى قەلب كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا ئوڭايلا بىلىۋالدىم، يۈرىكىممۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى تۇيۇپلا تۇراتتى.
— ئەخمەقتە سەن، كۆزلىرىمنى قوللىرىڭ بىلەن توسۇۋالغىنىڭ بىلەن قەلب كۆزۈمنى توسۇيالايتتىڭمۇ؟ سەن مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، مېھرىبان، سولماس گۈلۈم ـ دە، — دېدىم مەن ئوتتەك قىزىق قوللىرىڭنى چوڭقۇر مېھرىم بىلەن سىلاپ تۇرۇپ. سەن قانداقتۇر بىر ھەقىقەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنگەندەك بولدۇڭ، يۇپيۇمىلاق يۈزلىرىڭ گويا شەلپەردەك قىزىرىپ، بۇلاق كۆزلىرىڭ تاڭنىڭ چولپىنىدەك چاقناپ كەتتى.
— دۇرۇس، — دېدىڭ سەن يالقۇنلۇق كۆزلىرىڭنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ، — گەرچە ئادەمنىڭ ئىككى كۆزىنى قول بىلەن توسۇۋالغىلى بولىسىمۇ. ئەمما قەلب كۆزىنى

ھەرقانداق نەرسە بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئۇ ھامان چاراقلاپ يېنىپلا تۇرىدىغان، ھەممىنىلا ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان خاسىيەتلىك كۆز!



# كۆلكە ۋە يىغا

ئۆلۈشكۈن گۈگۈم پەيتىدىن باشلاپ بۈگۈن سەھەر تاڭ قىزىلغىچە، مېھرىبان، باغرى يۇمشاق ئاي يۈزلۈك بىر پەرىشتە ئاچچىق-ئاچچىق تولغاق ئازابلىرى ئىچىدە قىلدەك تولغىنىپ، مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ، ئەزرائىل بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. تولغاق ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن ۋۇجۇدلار كۆز ياپراقلىرىدەك تىترىمەكتە، ئاسمان - زېمىن سىلكىنمەكتە، مەسۇم كۆزلەردىن گويا گۈل ياپراقلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆز شەبنەملىرىدەك قەترە - قەترە ياش تامچىلىرى ئاقماقتا.

توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز مىنۇت، توققۇز سېكۇنت مۆھلەت توشقان بولسا كېرەك، پارلاق قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىشقا باشلىغان ئەتىگىنى بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل ئاچچىق-ئاچچىق يىغىسى بىلەن يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچتى. دۇنياغا بىر پەرزەنت كۆز ئاچسا، دەريا تېگىدىكى تاشلارمۇ سۆيۈنۈپ كەتكىدەك دەيدىكەن چوڭلار.

شۇ تاپتا بارلىق ئازابنى، ھەممىنى ئۇنتۇغان مېھرىبان ئانىنىڭ چېھرىدە قۇياش جىلۋىسى، غەمگۇزار دادىنىڭ چېھرىدە شادلىق كۈلكىسى...

ئاسماندا قۇياش پارلاپ، يەر - زېمىن، تاغۇتاش، جىمى كائىنات كۈلدى، چىلان تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇرۇقمۇ، دەريا تەكتىدىكى تاشلارمۇ ئەرنىڭ، پەقەت

ئەرنىڭلا ھالال مېھنىتى ئارقىلىق قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ كۆكلەيمەن، قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ ئۆلۈيمەن دەپ كۈلدى....

بوۋاق قوشۇمىسى تۈرۈك، ھېلىمۇ تىترەپ - تىترەپ، ئاچچىق يىغلىماقتا. توساتتىن غايىبتىن بىر سادا ئاڭلاندى:

— ئەي ئوغۇل، جىمى مەۋجۇدات سېنىڭ يورۇق دۇنياغا سالامەت كۆز ئاچقانلىقىڭنى مۇبارەكلەپ خۇشال بولۇۋاتسا، نېمە دەپ توختىماستىن يىغلايسەن؟

گويا بىر مۆجىزە يارالغاندەكلا تېخى ھېلىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقمۇ زۇۋانغا كىرىپ:

— تۇغۇلۇشتىلا زىممەمدە مىڭ پاتمان يۈك، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ قېلىشىمدىن، يىگىتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالماسلىقىمدىن، بارچىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالماسلىقىمدىن قورقۇپ يىغلايمەن، — دېدى.

— غەيرەتلىك بول يىگىت! يېڭىلمەس ئىرادە، تاغدەك جاسارەت، چەكسىز ئىشەنچ - ئۈمىد، پاك ئىمان، ساپ ۋىجدان، ئىنساپ - دىيانەت ساڭا يار بولسىلا بارلىق مەقسەتلىرىڭگە يېتىسەن، بەخت - سائادەت ساڭا كۈلۈپ باقىدۇ.

بوۋاق ئاستا - ئاستا يىغىسىنى توختاتتى، كىمدۇر بىرى ئىشىك ھالقىسىنى يەڭگىل جىرىڭلاتماقتا، ھويلىدا گويا قۇم بارخانلىرى تەكتىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سېھىرلىك كۈيدەك سوزۇپ ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا تارالماقتا...

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر!.......

## مەڭگۈلۈك كۈتۈش

هارغىن قۇياش تاغ كەينىگە ئۆزىنى ئاتتى، غەرب ئۇپۇقى قۇياش يۈرىكىدىن چاچراپ چىققان قان بىلەن قىپقىزىل بويالدى.

كائىنات ئاستا - ئاستا گۇگۇم قوينىغا سىڭىپ كەتتى. شۇ تاپتا قەلبىمدە لىق ئىزتىراپ، قەترە - قەترە سۈزۈك سۈيى بولدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق بېشىدىكى تال - تال سۇمبۇل چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتال ئاستىدا سېنى بىتاقەت كۈتمەكتىمەن، گۈلۈم!

كۈتۈش، تاقەتسىز كۈتۈش مېنى بىردىنلا باش-ئايىغى كۆرۈنمەس، چەكسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق قىلدى. بىردە شۇنچە تاتلىق، بىردە ئازابلىق خىيال بىلەن كەچلىرىمنى سەھەرگە ئۇلىدىم.

قان رەڭ قۇياش شەرق ئۇپۇقىنىڭ تۇم - تۇم لەۋلىرىگە قىپقىزىل لەۋسۇرۇخ سۈرۈۋاتقان چاغدا، ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىم ھېلىھەم مەھەللەڭ تەرەپتىن سېنى ئىزدەۋاتاتتى.

قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ باش ئۈستۈمدىلا ئەگىپ يۈرگەن قاغىنىڭ ئەنسىز قاقىلدىشىدىن ئېسىمگە كەلسەم، تېخىچىلا بۇلاق بېشىدىكى مەجنۇنتال ئاستىدا سېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، گۈلۈم!

قاغا شۇنداق سەت ئاۋازى بىلەن يەنە بىرنەچچىنى قاقىلداپ مەھەللەڭ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. «خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ ئاغزىڭغا ماي، يامان خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق» دېدىم مەن گويا ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىغاندەك ئاسمانغا قاراپ.

قاياقتىندۇر ئاڭلانغان كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندەك بولۇپ، يۈرىكىم گويا كۈچلۈك يالقۇندا شۇرۇلدە ئېرىپ ئېقىپ كېتىۋاتقان قوغۇشۇندەك بىردىنلا ئەنسىز ئېغىپ كەتتى. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ بار كۈچۈم بىلەن مەھەللەڭ تامان يۈگۈردۈم.

مەھەللە دوقمۇشىدىن قايرىلىپلا گويا چوڭقۇر قېقىلغان قوزۇقتەك، پۇتلىرىمنى بىر قەدەممۇ يۆتكىيەلمەي كۆزلىرىمنى چەكچەيتكىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

ئاھ تەتۈر پەلەك، رەھىمسىز تەقدىر! دەرۋازاڭ ئالدىدا قارىلىق كىيىم كىيىشىۋالغان قېرى - ياش بىر توپ كىشى تاشنىمۇ ئېزىپ ئېرىتىۋەتكىدەك چىداپ بولغۇسىز ھەسرەت، پىغان بىلەن يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ ھازا ئېچىشىۋاتاتتى. «تاڭ سەھەردىلا باش ئۈستۈمدە ئەنسىز قاقىلداپ چىداپ بولغۇسىز شۇملۇقتىن بېشارەت بەرگەن ئىكەنسەن - دە، ناكەس! ئېغىزىڭنىڭ شۇملۇقىدىن تىلىڭ گاچا بولۇپ، كۆڭلۈڭنىڭ قارىلىقىدىن قارىلىق ئىچىڭگە سىغماي پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ قارىلىققا تولۇپ كەتكەن ئىكەن ئەسلىدە!» دەپ تىللاپ كەتتىم قاغىنى ئىچىمدە.

ئاڭلىسام ئەي ناتىۋان گۈلۈم! ئاشۇ مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي، ئېتىقاد، ئىمانى سۇس، ۋىجدانسىز ئاكا - تاغىلىرىڭ تەرىپىدىن سەن ھەم سېنىڭ بارلىقىڭ ئالتۇندەك ساپ، خرۇستالدەك سۈزۈك، بىغۇبار، سەبىي مۇھەببىتىمىزنىڭ، تاقەتسىز كۈتۈشلىرىمىزنىڭ ۋاقىتسىز قۇربانى قىلىنغانىدىڭ، گۈلۈم!

قەلبىم ئاسمىنىدا گويا ئاقار يۇلتۇزدەك قىسقىلا چاقناپ ئۆچكەن قۇياشىمىزنىڭ ۋاقىتسىزلا مەڭگۈلۈك ئۆچكىنىنى، بارلىقىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى ھەسرەت بىلەن ھېس قىلىپ يەتكىنىمدە، پۈتكۈل قەلب قەسىرىمنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ كۈتۈش، تاقەتسىز كۈتۈش ماڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ قالدى، گۈلۈم!

# ھاياتلىق ھەقىقىتى

قاچاندۇر بىر چاغلاردا مۇدھىش قىش كۈنلىرىنىڭ بىر قاراڭغۇ تۈنىدە ئاچچىق - ئاچچىق يىغا بىلەن تۇغۇلغانىكەنمەن.

يىغىدىن توختاپ كۆزۈمنى ئاچقان چېغىمدا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ كائىنات ئاللىقاچان يوپيورۇق ئىللىق نۇر بىلەن پۈركەنگەنىكەن.

ئەمىتىلەپ ماڭغاندىن باشلاپلا گاھ يىقىلىپ، گاھ تۇرۇپ، گاھ قار - بورانىنىڭ دەھشەتلىك سوقۇشلىرىغا ئۇچراپ، گاھ مۇقەددەس سېخىي قۇياشنىڭ جانغا راھەت ئىللىق نۇرىدىن ھاراره‍ت ئېلىپ،گاھ ئاچچىق ئازاب بۆشۈكلىرىگە بۆلىنىپ، گاھ تەسۋىرلەپ بولغۇسىز چەكسىز شادلىقتىن مەست بولۇپ، ھەش - پەش دېگىچە ئۆمۈر پەسلىمدىن سەكسەن باھار، سەكسەن ياز، سەكسەن كۈز ۋە سەكسەن قىش ئۆتۈپ كەتتى.

لېكىن ئۆمرۈمنىڭ يەتمىش باھار - يازى ھاياتنى قەدىرلەپ، ھاياتنى سۆيۈپ، ھاياتنى كۈيلەپ ئۆتتى.

مانا ئەمدى بۇرنۇمغا ئۆلۈم ۋەھىمىسى پۇراپ تۇرسىمۇ يەنىلا ھايات ھەققىدە سۆزلەۋاتىمەن!

تۇغۇلدۇممۇ ھامان بىر كۈنى — بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ ۋە ياكى ئۆگۈنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن. تۇغۇلۇش، ئۆلۈش

ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس قانۇنى، مەيلى پادىشاھ ياكى پۇقرا بولسۇن، مەيلى باي ياكى گاداي بولسۇن، ھەممىگىلا ھامان بىر ئۆلۈم بار، ئۆلمەيدىغان بىرمۇ كىشى يوق.

لېكىن مەن ئۆلۈمدىن قىلچە ۋايىم يېمەيمەن، چۈنكى ئۆلۈم تىنىمسىز تېپىرلاشلارنىڭ، ھارغىنلىقنىڭ خاتىمىسى، ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئارامگاھى!

ئۆلسەم روھىم مۇقەددەس قۇياشنىڭ مەڭگۈ خورىماس يالقۇنلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ. جىسمىم سېرىق توپىغا ئايلىنىپ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىدۇ!

ئەۋلادلىرىم جىسمىمدىن ئۆزگەرگەن ئاشۇ سېرىق توپىنى ئاۋايلاپ يىغىۋېلىپ ھويلىسىدىكى گۈللۈكلەرگە تۆكۈۋالىدۇ، تېرىغان رەڭدار گۈللىرى ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ باراقسان ئۆسىدۇ، پورەك - پورەك ئېچىلىپ ھويلىلار خۇش پۇراققا تولىدۇ. روھىم ھەر سەھەر قۇياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، مۇقەددەس نۇر بولۇپ خىرۇستالدەك سۈپسۈزۈك شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرىگە قونۇپ خۇش پۇراقلارنى پۇرايدۇ، قىپقىزىل غۇنچىلارنى قېنىپ - قېنىپ سۆيىدۇ!

جىسمىمدىن پەيدا بولغان تۇپراق گۈللەرنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى، گۈللەر ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت ئېلىپ دائىم كۆكلەپ تۇرىدۇ، روھىم قۇياش نۇرىغا قوشۇلۇپ گۈل بەرگىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن، ئۇ دائىم گۈل پۇراقلىرىغا قوشۇلۇپ خۇش

پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. شۇڭا دەيمەن، گەرچە جىسمىم ئۆلسىمۇ روھىم ئۆلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۈ گۈل بىلەن بىرگە كۆكلەپ تۇرىدۇ، پۇراق چاچىدۇ!!!



# بىر قىزغا

## 1

كۆمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىمغا قاراپ ئەتىرگۈل غۇنچىسىدەك ئۇماققىنە ئېغىزىڭىزنى پۈرۈشتۈرۈپ، بىر خىل ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆلۈپ قويدىڭىز.

ھەيران قالماڭ قىزچاق! بىلىسىڭىز، چاچلىرىمنىڭ ئاقلىقىنى قارلاردىن ئالغانمەن!

«قار قىشنىڭ زىننىتى، ئاقلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى» دەيدىكەن كونىلار. بەرھەق، قارنىڭ ئاقلىقى، پاكلىقى ۋۇجۇدۇمغا مۇجەسسەملەنگەن، شۇڭا ئۇستىخىنىم ئاق، چېچىممۇ ئاق، قەلبىممۇ ئاق، روھىممۇ گويا قاردەكلا پاك!

كۆلمەڭ قىزچاق! ئاقلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ ھەممىمىزگە ھەمراھ بولۇشىنى تىلەڭ! ئاقلىق، پاكلىق بىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن!

## 2

چاچلىرى كۆمۈشتەك ئاق، ئەمما كۆزلىرى نېمانچە نۇرلۇق دەپ ھەيران قېلىۋاتامسىز قىزچاق؟

بىلسىڭىز، كۆزلىرىم مۇقەددەس قۇياشتىن نۇر ئالغان،
كۆزۈمدە چاقنىغىنى قۇياش نۇرىنىڭ ئەكسى!

قۇياش يارقىن نۇرلىرىنى جىمى ئالەمگە تەكشى چاچقىنىدەك، كۆز نۇرۇممۇ ھەممىگە تەكشى چېچىلىپ، ھەق - ناھەق، ياخشى - يامانىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. ھەقىقەتكە، ياخشىلىققا شادلىق نۇرلىرىنى چاچسا، ناھەقلىق، يامانلىققا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىتالايدۇ!

كۆزۈمدە چاقناۋاتقىنى ھەقىقەت نۇرلىرى!

بىلسىڭىز چاچنىڭ ئاقلىقى قېرىغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ!

## 3

ئېغىزىدىن «يۇرتۇم، خەلقىم» دېگەن سۆز چۈشمەيدىكەن، ئېغىزى بىلەن دىلى راستتىنلا بىردەكمىدۇ، دەپ تەئەججۈپلۈك خىياللاردا بولماڭ قىزچاق!

ئىمانىم كامىلكى، دىلىم بىلەن ئېغىزىم بىردەك ھەم مەڭگۈ بىردەك بولىدۇ. «تىل دىلنىڭ جارچىسى» دەيدىكەن كونىلار، ۋۇجۇدۇم يۇرتۇم، خەلقىم مۇھەببىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان! دىلىم يۇرتۇم، خەلقىم سۆيگۈسى بىلەن تولغان! يۈرىكىم بىر ئۆمۈر يۇرتۇم، خەلقىم دەپلا سوقىدۇ!

گەرچە يۇرتۇم چەت، ياقا، خەلقىم نامرات بولسىمۇ، مەيلى مەن قەيەردىلا بولماي ئاشۇ مۇقەددەس ئانا يۇرتنى، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، غەمگۇزار خەلقىمنى سېغىنىمەن!

چۈنكى مېنىڭ بەخت دەرىخىم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاشۇ ئانا تۇپراقتا بىخلانغان، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، غەمگۇزار خەلقىمنىڭ پەپىلىشى بىلەن باراقسانلاپ ئۆسكەن، چىن ئەقىدەم ئاشۇ تۇتىيا تۇپراقنىڭ ئوت - ئاتەشلىرىدە تاۋلىنىپ، مەڭگۈ توختىماس سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرىدا سۇغىرىلغان، شۇڭا يۇرتۇمغا، خەلقىمگە بولغان مۇھەببىتىم، ئەقىدەممۇ مەڭگۈلۈكتۇر!



# سۆيگۈ تىلەش

مەن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان تەنها قەلەندەر، سۆيگۈ قەلەندەرى!
مەن پۈتۈن ئېتىقادىم بىلەن ئۇلۇغ تەڭرىدىن قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان قەلب قەسرىمگە سەبىي، ساپ، مۇقەددەس سۆيگۈ ئاتا قىلىشىنى كېچە - كۈندۈز تىلەيمەن.
شۇنداق، مەن ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگىچە يول بويىدىكى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان دۆمچەك سۆگەت تۈۋىدە موزدۇزنىڭ قاسماق باسقان پەشتامىسىدەك كىرلەشكەن، قۇپقۇرۇق قەلبىمنى ئالدىمغا يېيىپ، قانسىراپ قورۇلۇپ قالغان بىچارە يۈرىكىمنى ئۈستىگە قويۇپ، سوۋۇپ كەتكەن گەۋدەمنى ئېگىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمچە نۇرى قاچقان مۆڭلۈق، غەمكىن كۆزلىرىمنى ئەتراپقا ئۈمىدلىك تىكىپ بىچارىلەرچە سۆيگۈ تىلەيمەن.
مېنىڭ بۇنداق مىسكىن، بىچارە ھالىمنى كۆرۈپ بەزىلەرنىڭ ئىچى ئاغرىغان بولۇشى مۇمكىن، ئىللىققىنە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ بىر، ئىككى تىيىن تاشلاپ قويۇپ، باشلىرىنى ئېغىر،ئېغىر لىڭشىتىشقىنىچە كېتىپ قېلىشىدۇ.
لېكىن ماڭا پۇل، مال - دۇنيا ئەمەس، ساپ، مۇقەددەس سۆيگۈلا كېرەك ئىدى.
يەنە بەزىلەر نېمىشقىدۇر ماڭا كۆزلىرىدىن غەزەپ

ياغدۇرۇپ ھومىيىپ قاراشقىنىچە كۆچلۈك نەپرەت ھەدىيە قىلىپ كېتىپ قېلىشىدۇ. ئەپسۇس، ماڭا بۇنىڭمۇ كېرىكى يوق ئىدى.

ھەممىدىن بەك ئازاب بولىدىغىنى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ ئالىقانىدا قويىدىغان پەرىشتە سۈپەت، گۈزەل ساھىبجامالالارنىڭ ئوماققىنە بىر بېقىپ قويۇپلا چەكسىز ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە كۈچلۈك ھەسرەت، قانسىراپ قورۇلۇپ قالغان يۈرەكلەرگە چىدىغۇسىز ئازاب ھەدىيە قىلىپ، پەرۋاسىز قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە رەھىمسىزلىك بىلەن كېتىپ قېلىشى!

ھەسرەت، ئاھ ھەسرەت!

قارالى، بۇ جاھان نىمە دېگەن بىۋاپا، ئادەملەر نىمە دېگەن رەھىمسىز!

ماڭا ھېچكىم سۆيگۈ سەدىقە قىلمىدى.

بەلكىم ئۇلارمۇ گويا مېنىڭ مىسكىن، قۇرۇق قەلبىمدەك، قانسىراپ قورۇلۇپ كەتكەن ھارارەتسىز بىچارە يۈرىكىمدەكلا سۆيگۈسىز قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

شۇ تاپتا يوقىلىۋاتقان روھىمدا، شۇ مېھرىبان ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ خىرە گۇمان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلاردىن سۆيگۈ ئۈمىدىمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۆزۈمگە تەپسىلىي قاراپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن سۆيگۈ ئىزدەشكە، ئۆز - ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتىشكە باشلىدىم......

# بىر سېكۇنتتا

بۈگۈن سەن يەنە ئىككى مىنۇت كېچىكىپ كەلدىڭ، سىنى ساقلاپ 30 ئادەمنىڭ 60 مىنۇت ۋاقتى بىكاردىن-بىكار مەنىسىزلا ئۆتۈپ كەتتى، بىراق سەن شۇنچە كۆپ ۋاقتىنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكىنىگە قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدىڭ، ئەكسىچە «ئىككى مىنۇت دېگەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئازغىنە ۋاقىتقۇ» دەپ پەرۋامۇ قىلمىدىڭ. بىراق سەن 30 ئادەمنىڭ 60 مىنۇت ۋاقتىنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويمىدىڭ. دوستۇم، ئاقىللار «ۋاقتىڭ كەتتى بەختىڭ كەتتى» دەپ بىكار ئېيتمىغان، ۋاقىت قەدرى تېگى - تەكتىدىن ھايات قەدرى دېمەكتۇر. ھايات سەپىرىدە مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن بىر سېكۇنت ۋاقىتقىمۇ ئازغىنە ۋاقىتقۇ دەپ قىلچىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. ھايات ئۈچۈن بىر سېكۇنت بىر تىنىق، شۇ بىر تىنىق بىلەن ئادەمنىڭ ھايات - ماماتى بەلگىلىنىدۇ! بىر سېكۇنت بىر مۆجىزە، شۇ بىر سېكۇنت ئىچىدە ئالەمدە سەن مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمىغىدەك ھادىسىلەر، سەن خىيال قىلىپ باقمىغان زور ئۆزگىرىشلەر، ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلەر بارلىققا كېلىدۇ. دوستۇم، «ۋاقىت ئۆمۈرنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغرىسى»، ئۇ ئەنە شۇنداق بىر سېكۇنت، بىر سېكۇنتتىن ئۆتۈۋېرىپ ئۆمۈر مۇساپەڭنى

تۈيدۈرماستىن قىسقارتىپ، ھايات مەشئىلىگىنى كۈندىن - كۈنگە خىرەلەشتۈرىدۇ. ئەگەر سەن ھايات مەشئىلىگىنىڭ زادى قانچىلىك يانالايدىغانلىقىنى؛ ئاشۇ بىر سېكۇنت ئىچىدە ئالەمدە زادى قانداق ھادىسىلەر، قانداق زور ئۆزگىرىشلەر، قانداق ئاجايىپ مۆجىزىلەر بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ئويلاپ، توغرا تەسەۋۋۇر قىلالىغان بولساڭ ئىدى، شۇ چاغدىلا سەن ھاياتلىق ئۈچۈن مەنىسىز ئۆتكەن بىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭمۇ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، ئىچ - ئىچىڭدىن ئازابلانغان بولاتتىڭ!

دوستۇم، ھەر ۋاقىت ئېسىڭدە بولسۇنكى، «ۋاقىت ئاتقان ئوق، ئارقىغا يانمايدۇ»، «ۋاقىت دېگەنلىك، ھايات دېگەنلىك»، ئۆمرۈم مەنىلىك ئۆتسۇن دېسەڭ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ « تىرىش، تىرماش، ئالغا باس!».

# بەخت ئېنىقلىمىسى

سەن ئاشۇ گۈزەل خىلۋەت ماكاندىن تۇيۇقسىزلا كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان چاغدا، مەن سېنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەتمەكچى بولۇپ قالغانلىقىڭنى سورىغىنىمدا، سەن ماڭا كەلگۈسىم ئۈچۈن، ئۆز بەختىمنى تېپىش ئۈچۈن كەتمەكچىمەن، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ. ئاخىرى سەن ساپ، سالقىن ھاۋالىق، ئېتىز - دالالىرى گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان شۇنچە گۈزەل، خىلۋەت ماكانىنى چەت، يىراق كۆرۈپ، ئاق كۆڭۈل، خىزىر سۈپەت دېھقانلىرىنى ياۋاش، نامرات كۆرۈپ، شۇ باغرى ئىللىق يېزىنى — قايناق، شاۋقۇن - سۈرەنلىك تۇرمۇشنى تاشلاپ، ھېچنېمىگە، ھەتتا دوستلارچە كۆيۈنۈپ ئېيتقان يېلىنىش- يالۋۇرۇشلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، سېنىڭ نەزەرىڭدىكى بەخت بۆشۈكۈڭ — «جەننەت» شەھەرگە بەخت ئىزدەپ كەتكەنىدىڭ.

ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق. كۆردۈمكى، چىرايىڭدا خۇشاللىق، بەختىڭنىڭ ئىپادىسى بولغان خۇش تەبەسسۇمدىن ئەسەرمۇ يوق، ئەكسىچە چىرايىڭدا قانداقتۇر كىشىنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلغۇدەك بىر خىل قايغۇ - ھەسرەت، كۆزلىرىڭدە بولسا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك مىسكىنلىك، غەمكىنلىك

ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن قانداقتۇر بىر خىل ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن كۆزلىرىنگە تىكىلىپ تۇرۇپ: «غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ» دەپ سورىدىم، «ھەي، نېمىمۇ دەيمەن ساڭا» دەپ گەپ باشلىدىك نېمىشقىدۇر ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ ۋە شەھەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلىرىڭنى پۇشايمان، ئېچىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولۇپ ئاخىرىدا: «ئەسلىدە مەن ياشلىق ھاياتنى سەھرانىڭ توپا - چاڭلىرىغا مىلىنىپ، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىلا ئۆتكۈزمەي، شەھەردە كۆپلەپ پۇل تېپىپ، گۈل - چىمەنلىك باغلاردا، ياپيېشىل تاغلاردا شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ھەقىقىي بەخت دەپ ئويلىغانىكەنمەن» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىڭچە جىم بولۇپ قالدىك. سۆزلىرىڭدىن چۈشەندىمكى، سەن ھەقىقىي بەختنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يەتمىگەنىكەنسەن. بىلسەڭ دوستۇم، پۇل - مالنىڭ كۆپ بولۇشى، گۈل - چىمەنلىك باغلاردا، ياپيېشىل تاغلاردا شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئويناپ - كۈلۈشلا بەخت ھېسابلانمايدۇ. سەن پەقەت تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكىنىڭدىلا، ئاندىن ھەقىقىي بەختنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلالايسەن. توغرا دوستۇم، ھەر قانداق ئادەم بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئارزۇدىنلا ئىبارەت خالاس. چۈنكى بەختنى تىلەپ تاپقىلى، پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن سېتىۋالغىلى، گۈل - چىمەنلىك باغلاردىن، ياپيېشىللىق

تــاغلاردىن تېپىــۋالغىلى بولمايــدۇ. لــېكىن ئــادەم ھامــان بەخـــتكە، ئـــۆزىنىڭلا ئارزۇســـىغا ئىنتىلىـــدۇ، ئـــۆزىنىڭلا ھەۋىسىگە بېرىلىدۇ، بىلسەڭ دوستۇم، سەن ئەنە شۇنداق قىلــــدىڭ، بۇنــــداق قىلىــــش شەخــــسىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئۆزىلا چوڭ بەختسىزلىكتۇر. بىلىشىڭ كېرەككى، سەن ئـۆزۈڭ ئىنـتىلگەن ئاشـۇ بەخـت بىـلەن بەختسىزلىك دائىم بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىـدۇ، لـېكىن سەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىڭ. مانـا بـۇ سېنىڭ ھەقىقىـي بەختسىزلىكىڭ.........

ئازابلانمــا دوســتۇم. بەخــت ئــادەمگە مەڭگــۈ ھەمــراھ بولالمىغىنىــدەك، بەختــسىزلىكمۇ ئــادەمگە مەڭگــۈ ھەمــراھ بولالمايــدۇ، چــۈنكى ئــادەم ھامــان خۇشاللىق، شــادلىق ۋە بەخــت ئىزدىگــۈچى، بۇمــۇ ئادەمــدىكى بىــر خىــل پــسىخىك خۇسۇسىيەت. سـەن بەختلىـك ياشـايمەن دېـسەڭ بەختنـى پەقەت شـــەھەردىن، گـــۈل - چىمەنلىـــك بـــاغلاردىن، ياپپېــشىللىق تــاغلاردىنلا ئىــزدىمەي، كىنــدىك قېنىــڭ تۆكــۈلگەن ئانــا يــۇرتتىن، ئانــا يۇرتقــا بولغــان چىــن ئېتىقادىڭدىن، ھالال مېھنىتىڭدىن ئىزدە! ساختا گۈزەللىـك ئىــزدىمەي، ھەقىقىــي خۇشــاللىق ئىــزدە، چــۈنكى سېنى خۇشـال قىلالىغـان نەرسـىلەرنىڭ ھەممىـسى سـەن ئۈچـۈن ھەقىقي گۈزەللىك بولىدۇ!

## تەشۋىش

«تاش قارى ھاجىم ئاغرىپ قاپتۇ، كېسىلى خېلىلا ئېغىركەن» دېگەن خەۋەر مەھەللىمىزدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى. كىشىلەر خۇددى ئۆز ئاتا - ئانا، قان قېرىنداشلىرى ئاغرىپ قالغاندەك تەشۋىشلەنمەكتە ئىدى.

دېمىسىمۇ ئۇ زات گۈلباغ مەھەللىمىزدىن مەككىگە بېرىپ كەلگەن بىردىنبىر «ھاجى» بولۇپ، كەمكۈتىسىز پەرىشتە سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىپ، گويا مەھەللىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلب ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يورۇق يۇلتۇز سانىلىدىغان مۆھتەرەم زات ئىدى.

مەھەللىمىزدە بولىدىغان توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزۈلمەيتتى، چوڭ - كىچىك زىيادىيەت، كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭسىز ھەل بولمايتتى. مەھەللىمىزدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى، ئۇنىڭ مەسلىھەت - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىمايدىغان، نەسىھەت - تەنقىدلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى. ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋەز - نەسىھەت ئېيتىدىغان بولسا، ئەييۇھەنناس، خېلى مەن - مەن دېگەن كىشى، ھەتتا نەچچە ئون يىل ئوقۇغان ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلارمۇ ئېغىزلىرىنى ئېچىشقىنىچە

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇ كۆپرەك ياخشىلىقنىڭ ساۋابلىرى بىلەن يامانلىقنىڭ ئازابلىرى ھەققىدە قايسىدۇر بىر كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەپ ياشلارغا تەربىيە قىلاتتى. دائىم پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمنى سېلىشتۇرۇپ، تەڭسىزلىك، رەزىللىك، پەسكەشلىك بىلەن بۇلغانغان پانىي ئالەمدە مىڭ يىل ياشىغاندىن، باقىي ئالەمدىكى گۈزەل، راھەت - پاراغەتلىك جەننەتۇل ئىرەمگە بالدۇرراق ئېرىشىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈشنىڭ مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيتتى. ئەگەردە بىراۋنىڭ «قانداقىسىگە ئاشۇ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ دۇنيا شۇنچە گۈزەل يورۇق دۇنيادىن ئەۋزەل بولسۇن؟» دېگەندەك پىچىر - پىچىر سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا قالىدىغان بولسا، ئاپئاق ئاقارغان كۆمۈش رەڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كېتەتتى- دە، باقىي ئالەمدىكى جەننەتۇل ئىرەمنىڭ كەمكۈتىسىز گۈزەل، راھەت- پاراغەتلىك ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، رەڭگىرويى قىزارغۇچە چىڭقىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ كىشىلەرنى باقىي ئالەمدىكى جەننەتنىڭ راھەت - پاراغىتىگە بالدۇرراق ئېرىشىشكە ئۈندەيتتى.

مەن ئەنە شۇ مۆھتەرەم زاتنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، شۇ تاپتا كاللامدا تەشۋىشلىك خىياللار ئەگىپ يۈرمەكتە، تۇيۇقسىزلا كاللامغا «ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامنى بولۇپ ئاشۇ يورۇق يۇلتۇز

ئۆچۈپ قالسا ـ ھە!» دېگەن مۇدھىش خىيال كېلىپ قالدى، بىراق نېمشقىدۇر ئاخىرىنى ئويلىيالمىدىم...

توغرا، ھاياتلىق ئالەمدە ئۆلۈم ھەممىلا كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بارسا كەلمەس يول! شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك ۋەھىمىلىك ۋە قورقۇنچلۇق! لېكىن تاش قارى ھاجىم ئۈچۈن ئانچە قورقۇنچلۇق بولمىسا كېرەك، بەلكىم ئۇ قىلچىمۇ تەشۋىشلەنمىگەن بولۇشى، ئەكسىچە ئۆزى بىر ئۆمۈر ئىغىزىدىن چۈشۈرمەي داغلىغان ئۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك جەننەتكە بالدۇرراق ئېرىشىدىغانلىقىنى خىيال قىلغىنىدا كۆڭلى ئارام تېپىپ، خاتىرجەم ياتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. دۇرۇس، كىممۇ ئۆزى داغلىغان، ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىگە بالدۇرراق ئېرىشىشنى خالىمايدۇ دەيسىز؟

ئىزتىراپلىق خىياللار ئىلكىدە كېسەل كارىۋىتى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. كېسەللىك ئازابىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولسا كېرەك مۆھتەرەم زاتنىڭ ئىلگىرىكى نۇر ـ زىيا يېغىپ تۇرىدىغان پەرىشتە سۈپەت چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، مەھەللىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلب ئاسمىنىدا ئاز كەم 90 يىل چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇز ھازىرلا ئۆچۈپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى.....

لېكىن ئۇنىڭ ئۆچۈپ قالايلا دەپ قالغان، شامدەك پىلدىرلاپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى نېمىگىدۇر

ئىنتىلگەندەك ئۇياق - بۇياققا قارايتتى، نەچچە ئون كۈن ئۇسسۇزلۇق ئىچەلمەي قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرى جانسىز مىدىرلاپ نېمىندۇ پىچىرلاۋاتاتتى. دېمەك ئۇ هايات - مامات ئوتتۇرىسىدا تىركىشىپ ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى...

مەن ئېگىشىپ تۇرۇپ قۇلىقىمنى مۆھتەرەم زاتنىڭ مۇبارەك ئېغىزىغا يېقىن ئەپكېلىپ تىترەپ چىقىۋاتقان جانسىز ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. مەن ئېنىق ئاڭلىدىم، ئۇ: «ئاھ خۇدا! تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ يەنە 10، 15 يىل ئۆمۈر بەرگەيسەن، باللىرىمنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىۋېلىشقا، يېڭىدىن سېلىۋاتقان قورۇ- جايىمدا بىرنەچچە يىل بولسىمۇ ھۇزۇرلىنىپ كەڭ - كۇشادە ئېغىناپ يېتىۋېلىشقا، جەننەتتەك باغلىرىمنىڭ شېرىن - شەربەت مېۋىلىرىدىن قانغۇدەك ھۇزۇرلىنىۋېلىشقا نېسىپ قىلغايسەن! ئاھ خۇدا! بارلىق تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلغايسەن...» دەپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ پىچىرلىغىنىچە نىدا قىلىۋاتاتتى. ئاۋازى بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتاتتى، بەلكىم ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلىرى بار بولغىيتتى، بىراق ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانمايتتى...

دېمەك مەن خاتا ئويلىغانىكەنمەن، مۆھتەرەم زاتنىڭ بىر ئۆمۈر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي داڭلىغان ئۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىك جەننىتىگە قەتئىي بارغۇسى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان ئارزۇ - ئارمانلىرى باردەك قىلاتتى. ئاز كەم 90 يىل ياشاپمۇ تېخىچە بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپ بولالمىغانىدى.

شۇ تاپتا مەن ئادەملەرنىڭ ھامان بىر ئۆمۈر ئارمان، ئىستەكلەر قاينىمىدىلا ياشايدىغانلىقىنى، ئۆلۈمنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم.

دۇرۇس، تۈگىمەس ئارزۇ - ئارمان، ئۈمىد - ئىستەكلەرگە تولغان بۇ دۇنيا، بۇ ھايات ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، ئۆلۈم بولسا شۇنچىلىك ۋەھىمىلىك ۋە قورقۇنچلۇق!

ئاھ ھايات! ئاھ ئۆلۈم!



# گۈزەللىك

كۈندە نەچچە رەت ئەينەك ئالدىغا كېلىپ قىممەت باھالىق ئۇپا - ئەڭلىك، سۇرمە - مايلار بىلەن قەددىردان يولدىشىڭ، سۆيۈملۈك پەرزەنتىڭ، مېھرىبان ئاتا - ئاناڭ، كۆيۈمچان قېرىنداشلىرىڭنىڭ قەلب كۆزىگە ئەسلىدىنلا تەبىئىي گۈزەل، لاتاپەتلىك كۆرۈنىدىغان ئاي جامالىڭنى زىننەتلەپ، باشقىلارغا گۈزەل، لاتاپەتلىك كۆرۈنمەكچى بولىسەن.

بۇ ئۆزۈڭنىڭ تولىمۇ گۈزەل، لاتاپەتلىك، جەزبىدار ئايال ئىكەنلىكىڭنى تېخى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنلىكىڭنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

سەن ئەسلىدىنلا تەبىئىي گۈزەل، لاتاپەتلىك، جەزبىدار ئايال ئىدىڭ. قەددىردان يولدىشىڭغا چەكسىز سادىق، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىڭگە كۆيۈمچان، غەمگۇزار قېرىنداشلىرىڭغا پەرىشتىدەكلا مېھرىبان ئىدىڭ.

بىلسەڭ، ئايالنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى، ئاياللىق لاتاپىتى قىممەت باھالىق ئۇپا - ئەڭلىك، سۇرمە - مايلار بىلەن ئۆزىنى سۈنئىيلەشتۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىشتە، قەددىردان يولدىشىغا بولغان چەكسىز سادىقلىقىدا، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىدا، غەمگۇزار ئاتا - ئانا،

قېرىنداشلىرىغا بولغان مېھرىبانلىقىدا چولپان يۇلتۇزدەك جۇلالىنىدۇ ئەمەسمۇ؟!

سەن راستتىنلا تەبىئىي گۈزەل، لاتاپەتلىك، جەزبدار ئايال.



سەن يېنىمدىلا بولساڭ

— شۇنچە ئۇزۇن يول يۈردۇق جېنىم، كۆپ جاپا چەكتىڭىز، «يول ئازابى گۆر ئازابى» دەيدىكەن كونىلار، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىڭچۇ.

— مېڭىۋېرەيلى گۈلۈم، سەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىللە ماڭساملا يول ھەرقانچە جاپالىق ھەم ئۇزۇن بولسىمۇ قىلچىلىك جاپالىق بىلىنمەيدىكەن. مەن تېخى بۇ سەپەرنى مەڭگۈ داۋاملاشسىكەن، سەن بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە قول تۇتۇشۇپ ماڭسامكەن دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

— قارىڭە ئالدىمىزدا داۋان بار ئىكەن.

— ھېچ گەپ ئەمەس گۈلۈم، سەن بىلەنلا بىللە ماڭسام ھەرقانچە ئېگىز تاغ — داۋان بولسىمۇ گويا تۈپتۈز يولدەكلا بىلىنىدىكەن. كەل گۈلۈم، قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە داۋان ئاشايلى.....

2

— سىز ئەتىگەندىمۇ، چۈشتىمۇ قاتتىق - قۇرۇق زاغرىلا يېدىڭىز، ئەمدى بولسىمۇ يۇمشاقراق بىرنەرسە يەۋېلىڭ جېنىم.

— ئۇنداق دېمە گۈلۈم! سەن يېنىمدىلا بولساڭ سەن

بىلەن بىللە ئۇلتۇرۇپ يېگەن قاتتىق - قۇرۇق زاغرىمۇ سىڭىشىپ پىشقان، گويا بۇلۇتتەكلا يۇمشاق قاتلىما تېتىيدۇ. «كەمبەغەللىنىڭ نېنى چىشقا داۋا» دېگەن گەپ بار، قېنى ئال سەنمۇ تېتىپ كۆر گۈلۈم!

3

— بۇ يەر بەكلا قۇرغاق توپا ئىكەن، ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن ئاۋۇ چىمەنلىككە بېرىپ ئولتۇرايلىچۇ جېنىم.

— ئولتۇرۇۋېرەيلى گۈلۈم! سەن يېنىمدىلا بولساڭ ھەرقانچە دەشت - باياۋاندا ئولتۇرساممۇ گويا گۈل - گۈلىستان چاھار باغلاردا ئولتۇرغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

4

— ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىكەن، توڭلىغانسىز - ھە، جېنىم!

— ياقەي، سەن يېنىمدىلا بولساڭ قەھرىتان قىش بولسىمۇ گويا يالقۇنلاپ تۇرغان گۈلخاننى قوينۇمغا سېلىۋالغاندەكلا ئوت - ئاتەش ئىچىدە يانىمەن.

— ئاسمانغا قارىڭە، ھىلال ئاي نېمىدېگەن چىرايلىق.

— ھەي نېمە دەپ ئاسمانغا قارىغۇدەكمەن، يېنىمدا ئاينىمۇ خىجىل قىلغۇدەك شۇنچە گۈزەل، لاتاپەتلىك، قەلبى پاك، نىيىتى ساپ سېنىڭدەك تولۇن ئايىم تۇرسا،

ئاسمانغا قاراش نە ھاجەت.

— يۈرۈڭ ئەمدى كىرىپ كېتەيلى جېنىم! بىرئاز بولسىمۇ ئۈگىنىش قىلىۋېلىڭ، ئەتە ئىمتىھان بېرىسىز ئەمەسمۇ؟

— ھېچ گەپ يوق گۈلۈم! مەن ئىمتىھان بېرىپ كۆنۈپ كەتكەن، بىرئاز بولسىمۇ ئۇزاقراق ئولتۇرۇۋالايلىچۇ.

— ئىمتىھاندىن قورقمامسىز؟

— قورققۇدەك نېمىسى بار دەيسەن گۈلۈم، مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ئۆمۈرنىڭ ھەر بىر كۈنى، ھەر بىر سائىتى، ھەر بىر مىنۇتىدا قانچىلىغان ئىمتىھانلارنى بېرىپ كەلدىم. سەنمۇ شۇنداققۇ؟ نېمە ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ ھەيران قالما گۈلۈم، بىلسەڭ ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ھەر بىر كۈنى، ھەر بىر سائىتى، ھەر بىر مىنۇتى بىز ئۈچۈن قىيىن بولغان ئىمتىھان ئەمەسمۇ؟

## 5

— خاتىرىڭىز بەتلىرىنى مېنىڭ ئىسمىم بىلەنلا توشقۇزۇۋېتىپسىزغۇ، جېنىم!

— ئەگەر يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرۈپ باققان بولساڭ ئىدى، گۈلۈم! ئۇ چاغدا خاتىرەمنىڭ بەتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پاك، بىغۇبار قەلبىمنىڭ ھەر بىر بەتلىرىنىمۇ سېنىڭ ئۆزۈڭگە ئوخشاشلا چىرايلىق ھەم يېقىملىق ئىسمىڭ بىلەن بېزەپ چىققانلىقىمنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

## 6

بىلسەڭ ئەي سۆيۈملۈك گۈلۈم! سەن مېنىڭ قەلبىم ئاسمىنىدا چاقنىغان ئۆچمەس بەخت يۇلتۇزۇم! قەلبىم تۈنلىرىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق تولۇن ئايىم! ۋۇجۇدۇم زىمىستانلىرىنى ئىللىتىدىغان مۇقەددەس قۇياشىم!

يېنىمدا سەن بولساڭلا سۆيۈملۈك گۈلۈم، ئۆمرۈمنىڭ ھەممىلا پەسلى گويا باھاردەك دائىملا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ.

سەن مېنىڭ بەخت قۇشۇم، سەن مېنىڭ بارلىقىم، سەن مېنىڭكى، دۇنيا مېنىڭكى!



## «سىزىق»

جىنىم دادا! ئېسىمگە كەلسەم سىز بوۋامنىڭ سىزغان «سىزىق» ىدىن چىقماي ياشاپ كېلىۋېتىپتىكەنسىز. سۆزلەپ بېرىشىڭىزچە بوۋاممۇ ئۇلۇغ بوۋامنىڭ سىزغان «سىزىق»ىدىن چىقماي ياشىغانىكەن. ئەپسۇس، خوراز چىللىغاندىن باشلاپ ناماز شامغىچە تىنىمسىز تىرىشىپ - تىرماشسىڭىزمۇ، تا بۈگۈنگىچە ئۇلۇغ بوۋامدىن قالغان ئاشۇ چاشقان ئۇۋىسى بولۇپ كەتكەن تۆشۈك تاملار يېڭىلانمىدى، چاپىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشمىدى، بۇ يىلدىن يېڭى بىر يىلغا ئۇلاشقىچە ئېتىزلىقتىكى تېخى پىشمىغان بۇغدايلىرىمىزنىڭ يېرىمىنى ئالدىن يەپ تۈگىتىمىز. ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن جەندە چاپاننى كىيىپ ياشاۋېتىپمۇ يەنىلا «شۈكۈر - قانائەت قىلىش» نى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدىڭىز. بوۋامنىڭ سىزىپ بەرگەن «سىزىق» ىدا مېڭىش سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە سىڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆمرىڭىزدە بىرەر قېتىم تۇمشۇقىڭىزنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ ئۆز قارىشىڭىز بويىچە «سىزىق» سىزىپ مېڭىپ كۆرۈشكە ئەسلا جۈرئەت قىلىپ باقمىدىڭىز.

بىچارە ئاكامغا بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ. لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. سىز ئۆز ئارزۇيىڭىز بويىچە ئاتىلىق پەرزىڭىزنى بالدۇرراق ئادا قىلىپ ئۇنى ئۆي -

ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش، تۇرمۇش بېسىمىڭىزنى بىرئاز بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۇنى تولۇقسىزنى ئەمدىلا تۈگىتىشىگە مەكتەپتىن مەجبۇرىي چىقىرىۋالدىڭىز. ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە پۈككەن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك تۇزۇپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ سىز سىزىپ بەرگەن «سىزىق» بويىچە ئالتە جىڭلىق كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ، ئۆز - ئۆزىمىزنىمۇ قامداپ كېتەلمەيۋاتقان ئاتا كەسىپ دېھقانچىلىقىمىزنى قولىغا ئالدى، ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇنلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، كېچە - كۈندۈز پاچىقىنى تۈرۈپ قويۇپ ئاشۇ شور تۇپراقلىق تۆت مو يېرىمىزنىڭ بېشىدىن بىكار بولالمايۋاتىدۇ. ئۇنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپمۇ قويدىڭىز، بالىلىقمۇ بولدى. لېكىن دادا، سىز ئويلىغاندەك تۇرمۇش بېسىمىڭىز بىر ئازمۇ يەڭگىللىمەستىن، ئەكسىچە ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. ئائىلىمىزدىكى ئىلگىرىكى تۆت جانغا يەنە تۆت جان قوشۇلۇپ سىزنىڭ قولىڭىزغىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. گەرچە «بالا بەرگەن خۇدايىم رىزقىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ» دەپ پەرۋايىڭىزغا ئالمىسىڭىزمۇ، مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدىلا قەددىڭىز ئېشىكىمىز ئالدىدىكى دۈمچەك سۆگەتكە ئوخشاپ قالدى.

مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە ماڭىمۇ «سىزىق» سىزىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز، سىزغان «سىزىق» ىڭىزدىن چىقماسلىقىمنى تىلەۋاتىسىز. « «جىگدە ياغىچى بادرا

بولماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس، دەيدىغان گەپ بار ئوغلۇم، مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈۋاتىسەن، ئاكاڭمۇ ھالىدىن كېتەي دېدى، ئەمدى ئوقۇشۇڭنى قويۇپ كەتمەنىنىڭ بېشىنى تۇت، ئاكاڭغا ھەمدەمدە بول، كۆرۈۋاتىسەن، نى - نى يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەنلەرمۇ ئىش ئىزدەپ لاغايلاپ يۈرۈۋاتمامدۇ ئەنە، سەنمۇ ئوقۇپ نەگە باراتتىڭ؟» دېدىڭىز بىر كۈنى مېنى يېنىڭىزغا ئولتۇرغۇزۇپ. مۇدھىش قىش كۈنلىرىدە كاللامغا بىر چېلەك مۇز سۈيى قۇيغاندەكلا ئەندىكىپ كەتتىم. لېكىن دادا، بۇ مېنىڭ ھەرگىزمۇ دېھقاننى كەمسىتكىنىم، دېھقان بولۇشتىن قورققۇنۇم ئەمەس ئىدى. ئەمما دادا، گۈسمۇستەك ئۈچ ئەر ئائىلىمىزگە تەئەللۇق بولغان ئاشۇ دوپپامچىلىك كېلىدىغان تۆت مو شورلۇق تېرىلغۇ يەرگە تىقىلىۋېلىپ، ئالغان ھوسۇلىمىزنى يىلغا يەتكۈزەلمەي سېرىقتال كۈن ئۆتكۈزۈپ شۇنىڭغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ياشاۋېرىشىمىز كېرەكمۇ زادى؟! ياق دادا! مېنىڭ ئۇنداق ياشىغىم يوق. سىلەرمۇ ئۇنداق ياشىماسلىقىڭلار كېرەك! چۈنكى بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە بىزنىڭمۇ باياشات، شاد - خۇرام كۈن ئۆتكۈزىدىغان نېسىۋىمىز بار. لېكىن ئۇ نېسىۋە ئاشۇ تۆت مو يېرىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراستىمىز، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز ۋە جاسارىتىمىزدە دادا!

كەچۈرۈڭ جېنىم دادا، مەن سىزنىڭ سىزغان «سىزىق» نىڭىز بويىچە ئىش قىلالمايدىغان بولدۇم. بىلىسىڭىز دادا، مەنمۇ ئاق - قارىنى خېلى پەرق ئەتكۈدەك ئەقىلگە

تولـــدۇم. كەچۈرمـــشلىرىمىزدىن زادى قانـــداق ياشـــاش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. زامان تەرەققىي قىلدى، كىشىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويىدىغان كونا ئەنئەنە، كۆزقاراشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. سىزدىن ئۆتـۈنەي دادا، قەلبىمـدە بىـخ سـۈرۈۋاتقان ئـارزۇ - ئارمـانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم ئۈچۈن مېنى ئاخىرغىچە ئوقۇغىلى قويۇڭ. مېنىڭ ھەرقـانچە جاپا تارتـساممۇ چىـداپ، قەتئىي نـىيەت بىـلەن ئەڭ نوپۇزلـۇق ئـالىي مەكـتەپكىچە ئوقـۇپ داڭلىـق تۇپراقشۇناس ياكى ئاگرانوم بولۇپ يېتىشىپ چىققۇم: ئاشۇ خىلـۋەت يېزىمىزنىـڭ شـور تـۇپرىقىنى ئۆزگەرتىـشنىڭ، تۇپرىقىمىزغا مـاس كېلىـدىغان يېڭـى - يېڭـى سـورتلارنى يېتىـشتۈرۈشنىڭ يـوللىرى ھەققىـدە دادىـل، ئەتراپلىـق ئىزدىنىپ باققۇم: ئىلىم، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ئاشۇ نـامرات، سـېرىقتال تۇرمـۇش كەچۈرۈۋاتقـان سـۆيۈملۈك دېھقانلىرىمىزنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، سىلەرنىڭ، مېھرىبان قېرىنداشـلىرىمنىڭ، كىنـدىك قېـنىم تۆكـۈلگەن ئەزىـز تۇپراقنىڭ ئالدىدا سادىق، جان كۆيەر ئوغۇللۇق بۇرچـۇمنى ئادا قىلىپ، يىگىـتلەرگە خـاس مەردانە ياشـاپ بـاققىم بـار دادا!

رۇخسەت قىلىڭ جېنىم دادا، مەن ئۆز قارىـشىم بـويىچە سىزغان «سىزىق» تا مېڭىپ باقاي، بولامدۇ دادا؟!

## ھاماقەتلىك

### 1

ئەي ئىنسان، سەن تولىمۇ رەزىل، ھاماقەت، غەلىتە مەخلۇق!

سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە ئەقىللىق، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ھېسابلايسەنۇ، بىراق بەزىدە بىز قۇرت - قوڭغۇزلاردىنمۇ دۆتسەن!

سەن بىز قۇرت - قوڭغۇزلارنى «ھاياتلىق گۈلشەنلىرىگە ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى» دەپ قارايسەن، شۇڭا بىزگە ئۆلگۈدەك ئۆچ، ھەمىشلا بىزنى يەر شارىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىشنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، تۈرلۈك - تۈمەن چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ تاپىسەن، ھېسابسىز كۈچ، مەبلەغ ئاجرىتىپ زەھەرلىك دورىلارنى ياساپ چاچىسەن. ئەپسۇس، ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭنىڭمۇ بىزگە قوشۇلۇپ زەھەرلىنىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ قويمايسەن.

بىزنى يوقىتالماي ئاۋارە بولىسەنۇ، ئەمما بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي، بىز ئۈچۈن يوقىتىش مۇمكىن بولمايدىغان كۈشەندىمىز قۇشلارنى تۇتۇپ، گۆشىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە ئامراقسەن. بۈگۈن ئۆردەك يېسەڭ، ئەتە غاز يېيىشنىڭ كويىدا بولۇپ، تۈرلۈك - تۈمەن، يېڭى - يېڭى

ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاپ تېپىپ، قۇشلارنى تۇتۇپ ئوزۇق قىلىشنىڭلا پېيىدە يۈرىسەن. بىلسەڭ ئەي ھاماقەت ئىنسان! بىز بۇنىڭدىن بەك خۇشال. گەرچە سەن بىزنى ئەشەددىي دۈشمەن كۆرسەڭمۇ بىز سېنى ھەرگىز دۈشمەن دەپ قارىمايمىز. ئەمەلىيەتتە سەن بىزنىڭ يوقىتىشقا قۇربىمىز يەتمەيدىغان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىزنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، بىزگە ئەركىنلىك ئاتا قىلىۋاتقان يېقىن دوستىمىز.

ئەي ھاماقەت ئىنسان! ئاشۇ تويماس نەپسىڭنىڭ بالاسىدىن قۇشلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئازىيىپ، بىز قۇرت- قوڭغۇزلار مىليون - مىليونلاپ كۆپەيمەكتىمىز. ئەسكەرتىپ قويايلىكى، سەن بىزگە «ھاياتلىق گۈلشەنىمىزگە ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى» دەپ بىھۇدە گۇناھ ئارتما، ھاياتلىق گۈلشەنلىرىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى چۆل - جەزىرىگە ئايلاندۇرغۇچى بىز ئەمەس، ئەسلىي سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ ئاشۇ بالادەك تويماس نەپسىڭ! سېنىڭ ئاشۇ بالادەك تويماس نەپسىڭلا بولىدىكەن، ئاقىۋەت پۈتۈن يەر شارىنىمۇ يۇتۇپ كېتىسەن!

## 2

سەن قۇشلارنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك ئاجايىپ يارقىن، مۇڭلۇق ئاۋازدا چاڭىلداپ سايراشلىرىغا قەۋەتلا ئامراق. لېكىن ئەڭ مۇڭلۇق، چىرايلىق سايرايدىغان

جەلپكار قۇشلارنى ئالتۇن قەپەسلەرگە بەند قىلىسەن. بۇ سېنىڭ ئۇنى ئەتىۋارلىغىنىڭ ئىدى.

قەپەستىكى قۇشنىڭ چاڭىلداپ سايرىشى شادلانغانلىقى، خۇشاللانغانلىقى ئەمەس، بەلكى قان-ياش تۆكۈپ يىغلىغىنى، ھەسرەت - نادامەت چەككىنى، ئەركىنى بوغۇپ قەپەسكە سولاپ قويغۇچىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغىنى، ئەركسىزلىك ئۈستىدىن چۇقان سالغىنى، ئىسيان كۆتۈرگىنى، ئەركىنلىك ئىلاھىغا نىدا قىلغىنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن.

سەن قەپەستىكى قۇشنىڭ قان — ياشلىق ھەسرەت - نادامەتلىرىدىن چەكسىز شادلىنىسەن. مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىشنىلا ئويلايسەن.

قەپەستىكى قۇش بارلىق ئەركىن قۇشلارغا ئوخشاش كۆپكۆك سامادا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرغان زىلال سۇلارنىڭ شىلدىرلىغان مۇڭلىرىغا جور بولۇپ ھاياتلىق كۈيلىرى ياڭرىتىشقا تولىمۇ تەشنا ئىدى.

ئەي ھاماقەت ئىنسان، سەن ئاشۇ جەلپكار، سۆيۈملۈك قۇشلارنى شادلىق، خۇشاللىق كۈيلىرى ياڭراتسۇن، دىلغا ئارام، جانغا راھەت مۇڭلۇق ناۋالىرىدىن بىر ئۆمۈر ھۇزۇرلىناي دېسەڭ ئۇنى ئەركىن قويۇۋەت! ئۇ بارلىق قۇشلارغا ئوخشاشلا كۆپكۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن! يېقىملىق ئاۋازى بىلەن گۈزەل ئانا تەبىئەتنى مەدھىيىلەپ شادلىق كۈيلىرى ياڭراتسۇن!

3

سەن قۇشلارنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك ئاجايىپ يارقىن، مۇڭلۇق ئاۋازدا چاڭىلداپ سايراشلىرىغا قەۋەتلا ئامراق. لېكىن ئاشۇ خۇش ناۋا قۇشلارنىڭ يۇمران تىللىرىدىن قورۇلغان قورۇملارنى ئايانماي پۇل خەجلەپ زىياپەت ئۈستەللىرىگە كەلتۈرىسەن، تۇشمۇتۇشتىن تالىشىپ مەززە قىلىپ يەيسەن، «ئەجەب ئوخشاپتۇ» دەپ داڭلايسەن. ئاشۇ ئالتۇندىن قىممەت توختايدىغان مەززىلىك قۇش تىلى قورۇمىسىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ ھۇزۇرلانغانلىقىڭدىن ئالەمچە خۇش بولىسەن. باشقىلارغا ئۆزۈڭنىڭ «ئاجايىپ قالتىس» لىقىنى كۆز - كۆز قىلىسەن.

ئەي ھاماقەت ئىنسان، سەن ئۆزۈڭنىڭ نىمىگە شادلىنىۋاتقانلىقىڭنى، شادلىقىڭ ئۈچۈن نىمىلەرنىڭ قۇربان بولۇپ مەڭگۈلۈك يوقىلىۋاتقانلىقىنى، سەن ئۆزۈڭ چەكسىز شادلىق ھېسلىرى ئىچىدە بار ئاۋازىڭ بىلەن توۋلاپ كېلىۋاتقان ئۆزلۈك ناخشاڭغا يوشۇرۇنغان ھەسرەت، نادامەت، ئېچىنىش مۇڭلىرىنى بالدۇرراق ھېس قىلالىغان بولساڭ ئىدى كاشكى!

4

سەن تاڭ سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بوۋاڭدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك ئايپالتاڭنى دولاڭغا سېلىپ،

غېرىب كۆلبەڭنى قورشاپ تۇرغان بۆك - باراقسان ئورمانلىقتا كەلدىڭ.

ئۇلۇغ بوۋاڭ ئۆز قولى بىلەن تىكىپ، يۈرەك قېنى بىلەن سۇغىرىپ ئەھيا قىلغان بۆك - باراقسان ئورمانلارنىڭ يىلتىزىغا زەرب بىلەن پالتا ئۇرۇپ، بىر - بىرلەپ يىقىتىپ بولغان چېغىڭدا كۆڭ تىكلەشكەنىدى.

بۆيۈك قۇياشنىڭ غەزىپىدە ئەتراپ تونۇردەك قىزىغانىدى.

بېشىڭغا قۇياشنىڭ كۆچلۈك نۇرى تىك چۈشۈپ ۋۇجۇدۇڭ سۇسىزلاندى، لەۋلىرىڭ قۇرىدى، ھالسىزلىنىشقا باشلىدىڭ. سەن بىر پەس ئارام ئېلىپ ئولتۇرغىدەك سالقىن، ساپ ھاۋالىق بىر جايغا — جانغا ھۇزۇر بولغۇدەك سالقىن سايىغا موھتاج بولۇۋاتاتتىڭ. ئەتراپىڭغا مىسكىن چىراي تەلمۈرۈپ سايە ئىزدىدىڭ.

ئۆچەي دەپ قالغان جىنچىراغدەك پىلدىرلاپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىڭگە ئالىقانچىلىكمۇ سايە زاھىر بولمىدى.

«ئەي ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا، نىمجان تېنىمنىڭ راھىتى ئۈچۈن پېقىر بەندەڭنىڭ بېشىغا ئالىقانچىلىك بولسىمۇ سالقىن، ساپ ھاۋالىق سايە ھەدىيە قىلغىن» دەپ ئىككى قولۇڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ساماغا باققىنىڭچە نىدا قىلدىڭ.

سېنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋالىق سايىگە دائىم موھتاج تۇرۇپ، بىر ئۆمۈر جېنىڭغا راھەت سالقىن، ساپ ھاۋالىق سايە ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئورمانلارنىڭ

يىلتىزىغا ئۆز قولۇڭ بىلەن رەھىمسىزلەرچە پالتا ئۇرۇپ نابۇت قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئاللادىن سالقىن، ساپ ھاۋالىق سايە تىلىگىنىڭگە ئاللا ھەيران بولدىمۇ ياكى غەزەپلەندىمۇ ئەيتاۋۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ھايات بارخانلىرىدا كۈچلۈك قۇيۇنلار كۆتۈرۈلۈپ، ۋىجدان، ئەقىدە، ئارزۇ - ئارمان، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

قەلب بوستانلىقىنى قۇم باستى. روھ گۈلشەنلىرىڭ پايانسىز جەزىرىگە ئايلاندى. غېرىب كۈلبەڭ قۇم ئاستىغا مەڭگۈلۈك كۆمۈلۈپ كەتتى.

سەن نىمجان تېنىڭنى سۆرەپ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ھالاكەت دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قالدىڭ ئەي ھاماقەت ئىنسان!!

# مەھبۇسنىڭ خېتى

سالامەتمۇسەن مېھرىبان ئانا!

قەپەسكە سولانغان ئەركىسىز قۇشتەك بىتەلەي ئوغلۇڭ چەكسىز سېغىنىش، ئازاب، ئۆكۈنۈش ئىزتىراپلىرى ئىچىدە ساڭا خەت يېزىۋاتىدۇ.

ئىشەنسەڭ مېھرىبان ئانا! ئەسلىدە تەقدىرىم ئوڭ، پارلاق ئىدى. مەن تەقدىرىمنىڭ كاجلىقىدىن ئەمەس، ئاشۇ تەقدىرىمنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان تەدبىرىم چولتا بولغاچ، ئەركىن قۇش قىلتاق بىلەن تۇتۇلۇپ قەپەسكە مەھكۇم قىلىنغىنىدەك، لەنىتى شەيتاننىڭ ھىيلە - مىكرى بىلەن ئالىقىنىمدىكى ئوڭ تەقدىردىن ئايرىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالدىم.

جېنىم ئانا! تىمتاس ۋە سۈرلۈك تۈرمە مۇھىتىدىكى مەھكۇملۇق، ئەركىسىزلىك گويا بىر توپ غالجىر ئىت ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن غاراسلىتىپ سۆڭەك غاجىلىغاندەك، ھالسىرىغان نىمجان يۈرىكىمنى تەرەپ - تەرەپتىن غاجىلاپ مەڭگۈ ساقايماس زېدە قىلىپ قويىدى.

جېنىم ئانا! تۈن قانچىكى قاراڭغۇ بولسا، چەكسىز سامادىكى يۇلتۇزلارنىڭ جۇلاسى تېخىمۇ ئېشىپ، شۇنچىلىك يارقىن، جەلپكار بولۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش، كامېرغا بەند قىلىنغان گۇناھكار ئوغلۇڭ ئۈچۈن

ئەركىنسىزلىك، مەھكۇملۇق مۇھىتىدا ئەركىنلىكنىڭ، كەڭرىلىكنىڭ، ساپلىقنىڭ — ئاشۇ باغرى ئىللىق ئانا يۇرتۇمنىڭ پايانسىز تاغ - دالالىرىنىڭ، جانغا ھۇزۇر ساپ، سالقىن ھاۋاسىنىڭ قەدرى شۇنچىلىك ئۆتۈلىدىكى، تەشنالىقنىڭ كۈچلۈكلىكىنى تىلىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن ئانا!

جېنىم ئانا! مەن ھەر كۈنى شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق، ئەركىنسىزلىك ئىچىدە ئەركىنلىككە، كەڭرىلىككە ئىنتىزار بولۇپ، سىرتلارغا — رەڭدار گۈللەرگە پۈركەنگەن بىپايان دالىلارغا، سانسىز قۇشلار ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىغا كۆزلىرىمنى تىككەن چاغدا، ھويلىمىزدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەرگە سولانغان، دومىلاقىنە قارا كۆزلىرىدە مىسكىن، بىچارىلىكنىڭ، مەھكۇملۇقنىڭ غەزەپ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ھېلىقى بىگۇناھ قۇشلارنىڭ، قەپەسنىڭ كىچىككىنە رۇجەكلىرىگە بېشىنى تىقىپ، تىنىم تاپماي سىرتلارغا — چەكسىز ساماغا ئىنتىلىشلىرى؛ يۇمران پەيلىرىنى ھۇرپەيتىپ، قەپەس تاملىرىغا توختىماستىن ئۆزىنى ئۇرۇشلىرى؛ تۇرۇپ - تۇرۇپلا مۇڭ تۆكۈپ، چاڭىلداپ سايراشلىرى، ياق سايرىشى ئەمەس، ئازاب - ھەسرەت، مەھكۇملۇقنىڭ دوزاخلىرى ئىچىدە زار - زار قاقشاپ يىغلاشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ئانا!

مەن بىلدىم ئانا! تۇرمە ماڭا ئىلگىرى بىلمىگەننى بىلدۈردى، ھېس قىلمىغاننى ھېس قىلدۇردى.

جىنىم ئانا، مەن ئۆتۈنەي، ئىنىمغا ئېيتقىن، ئۇ بارلىق ئاستىغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەرگە سولانغان بىگۇناھ قۇشلارنى قويىۋەتسۇن! بىلسەڭ جىنىم ئانا! ئاشۇ بىچارە قۇشلارمۇ باشقا قۇشلارغا ئوخشاش كۆپكۆك سامادا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرغان زىلال سۇلارنىڭ شىلدىرلىغان مۇڭلىرىغا جور بولۇپ، ھاياتلىق كۈيلىرى ياڭرىتىشقا تولىمۇ تەشنا.

بىلىمەن ئانا، مەن سېنى كۈچلۈك ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلدىم، شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن ئىچ - ئىچىڭدىن ئۆكۈنۈۋاتىسەن، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىۋاتىسەن، مېنى يۆگەپ باققان كەڭرى ئېتەكلىرىڭگە ئازاب يامغۇرى تۆكۈۋاتىسەن!

كەچۈر ئانا! سېنى ھەم ئۆزۈمنىمۇ پايانسىز ئازاب دېڭىزىغا ۋاقىتسىز غەرق قىلغانلىقىمدىن بەكمۇ ئېچىنىمەن، ئەپسۇسلىنىمەن، ھەسرەتلىنىمەن. مۇمكىن بولسا ئىدى ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم چايناپ - چايناپ پۇركۈۋەتكەن بولار ئىدىم.

سەۋر قىل ئانا! ئوغلۇڭنىڭ پەرھاتتەك غەيرەتلىك، يۈسۈپتەك چىدامچانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟ مەن ھەممىگە چىدايمەن، ھەممىنى يېڭىمەن، ئانا!

يەنە ئازلا ۋاقىت — غۇلاچ تۈگەپ غىپىچ قالدى، سەۋر قىل ئانا! ئاز كۈندىن كېيىنلا قەپەستىن ئۇچقان قۇشتەك، ھەقىقىي بىر ئەركەك سۈپىتىدە ئالدىڭغا ئۇچۇپ بارىمەن ئانا!

خوش ئامان بول جىنىم ئانا!

## سېنى ئۇنتۇيالمىغۇدەكمەن

سەن ۋىجدان، غۇرۇرۇڭنىڭ خار بولۇشىنى راۋا كۆرمەي، تۇرمىدە يېتىشنى ئەۋزەل كۆردۈڭ. گەرچە، ئەركسىزلىك، مەھكۇملۇق بۆشۈكىگە بۆلىنىپ، تەنھالىق ئىچىدە ئازابلىق خىيال سۈرۈۋاتقان بىچارە، مىسكىن ھالىتىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە ئىچ - ئىچىمدىن ئېچىنساممۇ، ئەمما ئۇزاققىچە چىقالمايدىغانلىقىڭنى ئويلىغىنىمدا سەندىن ئۈمىدىمنى ئۈزمەكچى، سېنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى، بىز تونۇشقان، شېرىن خىياللار بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ غەمسىز ئۆتكەن ئاشۇ قىسقا، ئەمما ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، ئىزگۈ چاغلارنى مەڭگۈلۈك ئېسىمدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدۇم. بىراق سەمىمىيىتىم، ئەقىدەم، ۋىجدانىم ئارزۇيۇمغا باقمىدى. ئەسلىدە مەن تېخى يوق خام خىياللار بۆشۈكىدە ئەللەيلەنگەنىكەنمەن.

قانچە قىلسامۇ سېنى ئۇنتۇيالمىدىم. تارىم دەرياسىدەكلا ئۇزۇن ھەم دولقۇنلۇق خىياللىرىم روھىمنى تېنىمدىن پوپايكىنىڭ يېپىنى سۇغۇرغاندەكلا سۇغۇرۇۋېلىپ، مېنى سەن مېنى ئەسەبىيلەرچە سۆيگەن، ئاشۇ ھېچنېمىگە تەڭ قىلغۇسىز قىسقا، ئەمما ئېيتقۇسىز شېرىن دەملەردىكى يۈرەك سوقۇشلىرىڭنى ئۈن - تىنسىز تىڭشاشقا، ئايدىڭ كېچىلەردە يانمۇيان مېڭىپ گۈزەل

ئارزۇلار ھەققىدە سىرداشقان ياپپېشىل دالىلاردىكى چىغىر يوللارغا يۈزلەندۈرىدۇ. قۇياش شېرىن ئۇيقۇسىنى باشلىغان چاغدا بېشىمنى ياستۇققا قويغان ھامان چۈشلىرىمدە ياستۇق بىغىرلاپ ئۇيقۇمنى بۇزىسەن. تېپتىنچ كېچە خۇددى ئايغى چىقماس خىيالىمدەكلا ئۇزۇن بىلىنىدۇ! ياستۇقلار يامغۇردا قالغاندەكلا ھۆل بولىدۇ!

ۋۇجۇدۇمدىكى كەسكىن توقۇنۇشلارنىڭ توختاۋسىز ئازاب دولقۇنلىرى ئىچىدە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىمكى، مېنىڭ مىسكىن، بىچارە قەلبىم ئالىبۇرۇنلا سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭ ئەڭ پىنھان جايىدىكى كۆرۈنمەس «تۈرمە»گە مەڭگۈلۈك قامالغانىكەن ئەمەسمۇ!

قەلبىم قەلبىڭنىڭ مەڭگۈلۈك مەھبۇسىغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىمدىلا، ئېزىتقۇ خىياللارنىڭ ئاچ كۆز چاڭگىلىدا بىھۇدە ئازابلانغانلىقىمدىن ئېچىندىم، ئويلاپ كۆرسەم ئۆزۈمنىڭ بولمىغۇر خىياللىرى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋەيلۇن دوزاخ ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئۆزۈمنىڭ ساددا، ھاماقەتلىكىگە چەكسىز نەپرەتلىنىدىم. ئىشەنسەڭ جېنىم، رېئاللىق ھەرگىزمۇ خام خىيالغا باقمايدىكەن، مەن سېنى مەڭگۈ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمىگىدەكمەن! كىم نېمە دېسە پەرۋايىم پەلەك، سېنى بىر ئۆمۈر كۈتۈشكە رازىمەن جېنىم!

## شەخسىيەتچىلىك

سەن بىر ئۆمۈر جاھاندىكى بارلىق گۈزەللىك، بەخت-سائادەت، شادلىقنىڭ ھەممىسى ماڭا، پەقەت ماڭىلا تەئەللۇق بولسا ئىكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ، چەكسىز خام خىياللار بۆشۈكىدە لەرزان تەۋرىنىپ كەلدىڭ. كېچە - كۈندۈز تەگرىدىن ئۆزۈڭگىلا چەكسىز گۈزەللىك، بەخت - سائادەت، شادلىق ئاتا قىلىشنى تىلىدىڭ. گەرچە كۈنلىرىڭ جەننەت ھىدلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان گۈزەل سەھرادىكى كىچىككىنە دۇنيارىڭدا، شوخ، ئوماق قەلب پارىلىرىڭ بىلەن سەن تېخى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن گۈزەللىك، بەخت - سائادەت، شادلىق قاينىمى ئىچىدە خېلىلا كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تەبىئىتىڭدىكى دۇنيانى يۇتۇپ كەتكۈدەك ئاچ كۆزلۈك ۋە ئەشەددىي شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدە باشقىلارنى — سەندىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن، ناچار شارائىتتا، نامراتلىق ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ياشاۋاتقان، كوچىلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقان، گۈزەللىك، بەخت - سائادەت، شادلىققا قانچە ئىنتىلسىمۇ ئۇنىڭ زەررىچىسىگىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقان بەختسىز ناتىۋانلارنى قىلچىمۇ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ قويمىدىڭ.

ۋۇجۇدۇڭ ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن قاپقارا بۇلۇتلار

قەلب كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ھايات دەرياسىنىڭ يۈگەنسىز سۇلىرى سەن ئارزۇ قىلىپ باشلاپ قويغان ئېقىنىدىلا ئاقمايدىغانلىقىنى، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئارزۇيۇڭغا، خام خىياللىرىڭغا باقمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمەيۋاتاتتىڭ. شۇڭا رېئاللىقنىڭ ئادىل قازىسى كۆپ ھاللاردا ساڭا، سەن كېچە- كۈندۈز ئارزۇ قىلغاننى ئەمەس، بەلكى، سەن زادىلا ئارزۇ قىلمىغان، ھەتتا خىيالىڭغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان تەتۈر قىسمەتلەرنى ھەدىيە قىلدى. كىچىك دۇنيارىڭ چۆلدەرەپ قالدى، قەلب پارىلىرىڭ يۈلەكسىز قېلىپ، شادلىق چىرىغى ۋاقىتسىز ئۆچتى. باغ - بوستان، چىمەنزارلىرىڭ قاغجىراپ سولاشتى، ياپيېشىل يايلاقلىرىڭ قۇم بارخانلىرىغا ئايلاندى، سۈپسۈزۈك زىلال سۇلار ئۇنچە چاچرىتىپ ئاقىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلىرىڭدە لاي سۇ ئاقتى. سەن ئۆمۈر دەرىخىڭ پورلىشىپ قاغجىراشقا باشلىغان چاغدىلا، شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك بۆشۈكىگە بۆلەنگەن «گۈزەل ئارزۇ»، «شېرىن خىيال» لار بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا، تۇمانلاشقان نۇرسىز كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان چەكسىز بىر بوشلۇقنىڭ سوزۇلۇپ ياتىدىغانلىقىنى ئاخىر ھېس قىلىپ يەتتىڭ.

سەن كۆزلىرىڭنى ساخاۋەت سۈيىدە يۇيۇپ، قۇياشنىڭ ئالتۇن قوللىرىدا ئۇۋۇلاپ، ئاشۇ بىر ھەقىقەتنى بالدۇرراق كۆرۈپ يەتكەن، چىن مەنىسى بىلەن ھېس قىلغان بولساڭ ئىدى، ئۇ چاغدا ئېزىتقۇ خام خىياللار دۇنياسىدىن

بالدۇرراق سۇغىرىلىپ چىقىپ، رېئاللىق دۇنياسىنىڭ ئەڭ گۈزەل، يارقىن كېلەچىكىگە شەخسىيەتسىز، مېھىر - شەپقەت نۇرلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆز بىلەن دادىل يۈزلەنگەن بولاتتىڭ!

ئەي غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنالمايۋاتقان ئىنسان، ئۇلۇغ قۇياشنىڭ ئالتۇن قوللىرىنى كۆزۈڭگە سۈرت! يېشىل نۇرلىرىدا يۈزۈڭنى يۇيۇۋەت! مېھىر - شەپقەت، ساخاۋەت سۇلىرىدا قەلبىڭنى پاكلا! شۇ چاغدىلا رېئاللىقنىڭ ئادىل قازىسى سەن ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي گۈزەللىك، بەخت - سائادەتنى ساڭا مەڭگۈلۈك ھەدىيە قىلىدۇ!



# ئاخىرقى ئۈمىد

ئۈمىد يۇلتۇزۇم قەلب خانەمنى خىرە يورۇتۇشقا باشلىغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلاردىن باشلاپ، سەۋر قولۋىقىغا ئولتۇرۇپ، ھايات دەرياسىدا گاھ كۆچلۈك پالاق ئۇرۇپ دولقۇن يېرىپ كارابتەك ئۈزدۈم، گاھ كۆچلۈك بوران - چاپقۇنىنىڭ زەربىسىدە قىرغاقلارغا سوقۇلدۇم، گاھىدا دەريانىڭ ئالتۇن قىرغاقلىرىغا چىقىپ يىراق - يىراقلارغا ئۈمىد بىلەن باقتىم.

كۆتۈۋاتقىنىمغا توپتوغرا 40 يىل بولدى. ئەمما مەن زارىقىپ كۆتكەن خاسىيەتلىك ئالتۇن بېلىق ئۆزى تۆگۈل قاسىراقلىرىنىمۇ كۆرسەتمىدى.

ۋاقىت غەليانلىرى ئاستا - ئاستا ھايات دەريايىمنى قۇرۇتۇشقا باشلىدى. سەۋر قولۋىقىم ئاخىر چاك - چاك يېرىلىپ قاغجىراۋاتقان ساھىلغا چىقىپ قالدى. يۈرىكىم قاغجىراپ كېتىۋاتقان ئازاب - ھەسرەت پەيتلىرىنىڭ دەھشىتىنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلغانىدى.

نۇرى ئۆچكەن ئۈمىد يۇلتۇزۇم قەلب ئاسمىنىمدىن ساقىپ، چەكسىز ئىزتىراپلىق ئەسلىمىلەر دېڭىزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا چۆكمەكتە.

مېنى 40 يىل ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەرمىگەن، يۈرىكىمنى تىنىمسىز غاجاۋاتقان ئازابنىڭ قارشى قىرغىقىغا

نۇرسىز كۆزلىرىمنى تىكىپ تۇرغان جەلپكار ئالتۇن قىرغاقلاردىن يىراقلىشىپ، مەن ئارزۇ قىلغان خىيالىي گۈزەل دۇنيايىمغا قايتىپ كېتىشىمگە زىنھار يول قويمىغان ئۈمىد يۇلتۇزۇم ئاخىر ئۆچتى.

تىنچسىز قەلب دۇنيايىمنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى باستى.

جانسىز تېنىم ئەزرائىل باشلىغان توپىلىق يول بىلەن بارسا كەلمەس زاۋاللىق دۇنياسىغا قاراپ يول ئالدى.

بىچارە روھىم تېنىمدىن سۇغىرىلىپ، ئۇلۇغ قۇياشتىن پاناھلىق تىلەپ چەكسىز ساماغا ئۇچۇپ كەتتى.

ھەر سەھەر ئالتۇن قۇياش قارا تۇن باغرىنى يېرىپ پارلىغان چاغدا نۇر بۆشۈكىگە بۆلەنگەن يېشىل روھىمنىڭ ھەسسەن - ھۈسەندەك رەڭلەنگەن ئۇچقۇنلىرى ئەڭ ئاخىرقى زەررىچە ئۈمىدىنىڭ ئوتلۇق ۋىسالىدا مۇقەددەس ئانا تۇپراقنى، ھاياتلىق دەرياسىنىڭ ئالتۇن قىرغاقلىرىنى چەكسىز مېھىر بىلەن سۆيۈپ تۇرىدۇ.

# ئۆزۈمنى ئىزدەش

## 1

مەن ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىم ھەم ياشاشقا بولغان تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بىپەرۋالىقىم تۈپەيلىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم.

غېرىبانە كۈلبەمنىڭ ئاران - ئاران پىلدىرلاپ خىرە نۇر چېچىپ تۇرغان جىنچىرىغى ئۆچۈپ قالدى. پېشانىسىگە قانداقتۇر بىر تەتۈر قىسمەتلەر پۈتۈلگەن نارەسىدىلىرىم ئىلگىرىكى غۇۋا، ئاجىز يورۇقلۇق ئىچىدىكى قەھرىتان قىشنىڭ بىردەملىك ئاپتىپىچىلىك سەبىي شادلىقلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالدى.

مەن ئۇلارغا بەكلا كېرەك ئىدىم، ئۇلارغا مەن بولمىسام زادىلا بولمايتتى. مەن ئاشۇ يۇمران مايسىلىرىمنىڭ سولاشماي كۆكىرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم.

تاڭ سەھەر، ئۇپۇق لېۋى ئاق لالە رەڭگىنى ئېلىشقا باشلىغان چاغ، مەن رەڭگى ئۆڭۈپ ئەسلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئاتا مىراس چار خۇرجۇنۇمنى مۈرەمگە ئارتىپ مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلاندىم......

## 2

مېڭىۋاتىمەن، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋاتىمەن.......

سېخىي قۇياش ئۇپۇق لېۋىنى قان رەڭگە كىرگۈزگەن، لېكىن تېخى ساماغا يۈز ئاچمىغان سۈبھى پەيتىدە هارغىن قەدەملىرىم مېنى بۈيۈك تەڭرىتاغلىرىنىڭ تەسكىيىدىكى ئەجدادلىرىمىز تۇلپارلىرىنى چاپتۇرۇپ ئوغلاق تارتىشقان بىپايان يايلاق قوينىغا سۆرەپ كەلدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! مېنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىم ئالدىدا مۆڭلىنىپ ياتقىنى ئىلگىرىكىدەك سۈزۈك ئاسماندا چاقنىغان سانسىز يۇلتۇزلاردەك ياپيېشىل چۆپلۈكلەر ئارىسىدا پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن جىلۋىدار، يېقىملىق، خۇددى ماهىر رەسسامنىڭ رەڭدار بوياقلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان نەپىس ماي بوياق رەسىمدەك كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان، سېھرىي كۈچكە تولغان گۈزەللىك دۇنياسى بولماستىن، بەلكى قانداقتۇر بىر ياۋايىلار تەرىپىدىن دەسسەپ - چەيلەنگەن، ئادەمگىياھ، مېھرىگىياھ، قانتېپەر يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ، ئېچىرقاپ كەتكەن نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، گويا ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرغاندەكلا تۈرتۈۋەتكەن ئويمان - دۆڭلۈكلەر، ماڭدامدا بىر چېلىقىپ تۇرىدىغان شىشە سۇنۇقلىرى، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگەن يالتىراق

خالتا پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان ئەخلەت دۇنياسى بولدى. ئىلگىرىكى توپ - توپ بولۇپ يايلاپ يۈرىدىغان قوي پادىلىرى، كالا، ئات يىلقىلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ئۆز تەبىقىلىرى بىلەن توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇپ بەزمە قۇرۇۋاتقان، گويا يېرىم يالىڭاچ ئېپتىدائىي ئادەملەرنى ئەسلىتىدىغان، ھېچنېمىگە پەرۋاسىز ئالتاغىل ۋارقىراپ - جارقىرىشىۋاتقان بىغەملەر مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. كۆڭلۈمدە «شەھەردىكى بىكار تەلەپ سالپا - ساياقلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن ئاشۇلار ئارىسىدىن شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىز - بەلگىلىرىنىمۇ تاپالمىدىم. ئاخىرى قانداقتۇر بىر خىل ئاچ كۆزلۈك تۇيغۇسى ئىچىدە كىملەرگىدۇر ھومىيىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قېرى زابويىدىن ئۆزۈمنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىدىم.

— نېمە؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇندىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا بۇ ماكاندىن سەھرايى قىيامەتكە كۆچۈپ كەتكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ — دېدى زابوي ئەلەس كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى شىلتىپ.

زەئىپلەشكەن، ماغدۇرسىز تەنلىرىم گويا جۇدۇن سوققان گۈل بەرگىدەك تىترىدى. ئىچ - ئىچىمدىن ئېچىندىم. كۆزلىرىمدىن ئەمەس، يۈرەك قاتلىرىمدىن

سىرغىپ چىققان قىپقىزىل ياش تامچىلىرى تامدەك تاتارغان مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ، ۋاقىتسىز يوقىلىۋاتقان گۈزەللىك دۇنياسىغا سىڭىپ كەتتى......

دېمەك مەن بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇنلا كۆچۈپ كەتكەنىكەنمەن.

3

مېڭىۋاتىمەن، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋاتىمەن.......

مۇقەددەس قۇياش قۇم - توپىلار ئۇچۇپ تۇرغان قاغجىراق زېمىندىن بىزار بولغاندەك، گاھ ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئەڭ ئېگىز قاتلىمىدا لەيلەپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلار كەينىگە مۆكۈنۈۋالسا، گاھ ھارغىن، سۇس چىراي ئېچىپ، ئاجىز نۇرلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سېپىۋاتقان پەيتتە، مەن بۈيۈك تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تارىم ئانىنىڭ بىپايان كەڭ ساھىللىرىدا ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز كەتمەنلىرىنى ئوينىتىپ بىنا قىلغان تۈپتۈز كەتكەن بىپايان ئېتىزلىقلارغا كېلىپ توختىدىم.

بىردىنلا خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ساراڭدەك كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرگە نەزەر سالغىنىمچە كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ قېتىپ قالدىم. شۇ تاپتا بار ئاۋازىم بىلەن « قېنى بىزنىڭ ئالتۇن باشاقلار تاۋلىنىپ، خۇش پۇراقلىرى كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان بۇغدايزارلىقلار؟! قېنى بىزنىڭ ئالتۇن

پۆپۈكلۈك، جانغا راھەت شىپايى داۋا قوناقزارلىقلار؟! »
دەپ تووۋلىغۇم كەلدى.

ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سانسىزلىغان قان - تەرلىرىنى تۆكۈش بەدىلىگە بەرپا بولغان، تېخى بۈنىدىن بىرنەچچە يىللار ئىلگىرىكى سالا - سالا ئېتىزلار، جان ئوزۇقى بۇغداي - قوناق، شالزارلىقلار ئورنىنى مانا ئەمدى ئېگىز - پەس بىنالار، يىقىلمايلا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن تۈپتۈز قېيىن ياغاچلىرىدەك ئاسمانغا تاقاشقان تۆمۈر جازىلار، تىك تۇرغىنىچە ئۆگكۈردەك ئاغزىدىن سۈزۈك ئاسمانغا قاپقارا تۈتەك پۈركەۋاتقان تۇرخۇنلار، سۇلياۋ، جەندە - جۇلدىلار بىلەن يېپىلغان لاپاسلار ئىگىلىگەندى.

مەن خۇنسىز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قاتتىق ئۇۋۇلىدىم، ھەقىقەتەن كۆزلىرىم مېنى ئالدىمىغانىدى. « بۇ يەردىكىلەر ئۇن، گۈرۈچ يېمەيلا ياشامدىغاندۇ؟ » دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەتراپتا مۈرىسىگە ئارا - كەتمەن سالغان، ئورۇق قوللىرىنى قاداق باسقان كىشىلەرنى ئۇچرىتىش تەستەك قىلاتتى.

مەن ئۆزۈمنى بۇ يەردىنمۇ ئىزدەپ تاپالمايدىغاندەك قىلاتتىم ......

## 4

مېڭىۋاتىمەن، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋاتىمەن......

مۇقەددەس قۇياش غەرب ئۇپۇقىغا قىيسىيىپ، گۇگۇم يېقىنلاپ كەلگەن چاغدا، مەن چەكسىز كەتكەن، گويا تۆگە لوكىسىدەك ئېگىز - پەس، دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرىغا قەدەم باستىم. مامۇقتەك يۇمشاق قۇم دېڭىزىدا ئىز قالدۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتىمەن. يالقۇندەك يېلىنجاپ تۇرغان ئىسسىق قۇم دۆۋىسى ئۇستىدە تېنىنى كۈچلۈك ئاپتاپقا قاقلاپ، مۇقەددەس قۇياش نۇرىدىن تولۇقىمەس ئوزۇق ئالىدىغان كەسلەنچۈكلەر، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن قېرى توغراق شاخلىرىدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سايرىشىپ تۇرىدىغان چۆل قۇشلىرى قەيەرلەرگىدۇ ئۆزىنى دالىدىغا ئالغانىدى.

مەن مېڭىۋاتىمەن......

ئەتراپنى كۆمۈردەك قاپقاراڭغۇلۇق بېسىپ كېلىۋاتقان چاغدا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا پەلەككە تاقاشقىدەك ئېگىز - ئېگىز مۇنار، سېپىللىرى قۇم بارخانلىرى ئىچىدىكى چەكسىزلىك ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان، سىرلىق، ھوشسىز قەدىمي شەھەر خارابىسى پەيدا بولدى. بىردىنلا تەنلىرىم جۇغۇلداپ، قاغجىراپ كەتكەن يۈرىكىمگە قورقۇنچ بېسىپ كىردى. دېمىم سىقىلىپ، نەپىسىم بوغۇلدى، پۇتلىرىم كالۋالاشتى، نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدىم، يىقىلغاندىمۇ قاتتىق يىقىلدىم. ماڭا گويا ئاسمان - پەلەك، تاغۇ تاش، چوقچىيىپ تۇرغان قۇم دۆۋىلىرىمۇ مەن بىلەن تەڭلا يىقىلغاندەك بىلىندى.

مۇدھىش قارا تۇمانلار پۈتۈنلەي تارقاپ تاڭ سۈزۈلگەن

پەيتتە، مېنىڭ قۇلاق تۈۋىمدىلا قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن شۇنچە مۇڭلۇق قەدىمىي مۇقام كۈيلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى.

مەن ئاستا - ئاستا ھوشىمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۆزۈمنىڭ قەدىمىي سىرلىق قەبرىستانلىقنىڭ قۇم - بورانلار يالاپ نېپىزلىتىۋەتكەن، گۈمۈرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بۈيۈك كىروران ئانىنىڭ قۇچىقىغا بېشىمنى قويۇپ ياتقانلىقىمنى بىلدىم.

شۇنداق، مەن ئىزدىگەن، ئىزدەۋاتقان «ئۆزۈم» يەنىلا كىروران ئانىنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى.

مەن گۆھىرى ئېقىپ كەتكەن خۇنسىز كۆزلىرىمنى ئۇۋىلاپ ئەتراپىمغا قارىدىم. كۆز ئالدىمدا ئەڭ قەدىمىي گۈزەل مەنزىرە، ساماۋى سىرلىق شەھەر قەلئەسى، قەدىمىي قەبرىلەر؛ ئۇ يەر - بۇ يەرگە تەقلەپ قويۇلغان دۇبۇلغا - ساۋۇت، دات باسماس قىلىچ، ئۆتكۈر شەمشەر، نەيزە، ئوقيالار؛ پۇچۇق كوزىلاردا ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت - كەھرىۋا، زۇمرەت - ئالماسلار؛ مىخ مەتبەئە، خوتەن قەغىزى ياساش جابدۇقلىرىنىڭ، دەستىگاھ، مېمارچىلىق قورال - سايمانلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ چېچىلىپ ياتقان سۇنۇق پارچىلىرى: قۇم ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان دۇنيانىڭ سىر - ھېكمەتلىرى يېزىلغان تېرە تاشلىق قېلىن - قېلىن قەدىمىي كىتابلار نامايان بولدى.

مەن بۇلارنى بىر - بىرلەپ سىلاپ كۆردۈم. ئۆزۈمنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇغاندەك، چۈشەنگەندەك بولدۇم.

بۈيۈك كىرروران ئانا قۇرۇپ كەتكەن ئورۇق قوللىرى بىلەن مېنىڭ تۈگىمەس بېشىمنى سىلىغاچ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز، قەھرىمانلىرىمىز، ئەۋلىيالىرىمىز ھەققىدىكى قىسسە، داستان، ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ مۇقەددەس تارىخلارنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا پۈتۈپ قويدۇم.

بۈيۈك كىرروران ئانا گۆھىرى ئېقىپ كەتكەن خۇنسىز كۆزلىرىمگە تۇتىيا سۈرتۈپ، زەئىپلەشكەن تېنىمگە ئىشەنچ، ئېتىقاد، ھەقىقەت نۇرى ئاتا قىلدى. تېنىمگە قايتىدىن كۈچ - مادار كىردى، ۋۇجۇدۇم ئىللىدى، مۇز بولۇپ قاتقان يۈرىكىم ئېرىدى. دىل خانەمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىمۇ يوپيورۇق نۇر - زىياغا تولدى.

مەن ئاخىر ئۆزۈمنى تاپتىم!

## 5

مېڭىۋاتىمەن، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋاتىمەن.......

مەن مۇقەددەس يەر شارىنىڭ كىندىكىدىكى ئاشۇ غېرىب كۆلبەمدە نۇر - زىيا، شادلىق كۈلكىسى ئېلىپ كېلىشىمنى تىلەپ تۇرۇۋاتقان سەبىي، بىچارە نارەسىدىلىرىمنىڭ قاراڭغۇ دىل خانىسىگە نۇر - زىيا، مۇزلىغان ۋۇجۇدىغا ئىللىقلىق، قانسىز يۈرىكىگە قان، زەئىپ قەلبىگە شادلىق ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن

كۈچ- قۇدرىتىمنى يىغىپ ئاشۇ مۇقەددەس ئانا ماكانىمغا قاراپ يۈگۈرمەكتىمەن.

بۈيۈك كىروران ئانا ماڭا ئاق يول ۋە چەكسىز نۇسرەت تىلىدى....

مەن ئۆزۈمنى — بارلىقىمنى ئاشۇ سەبىي، بىچارە نارەسىدىلىرىمنىڭ كەلگۈسى بەخت - سائادىتى، خۇشاللىقى ئۈچۈن ئاتىدىم.



# ئۆزىنىڭ شورى

ئېسىڭدىمۇ دوستۇم، «سېنىڭ ئىشقىڭدا كاۋاپ بولۇپ، مۇھەببىتىڭگە نائىل بولۇش ئارزۇسىدا ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولۇۋاتقانلاردىن نەچچىسى بار، ‹خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك› دېگەن گەپ بار، كۆڭلۈڭگە ياقىدىغان بىرسى بىلەن يېڭى ھايات يولۇڭنى باشلاپ بالدۇرراق بەختىڭنى تېپىۋالساڭ بولاتتى» دېسەم، بوينۇڭدا شاپتۇل قېقىپ بىرسىنى ئۇنداقكەن، بىرسىنى بۇنداقكەن دەپ، چىرايىڭغا ئىشىنىپ مەغرۇرلانغان ھالدا ئۆزۈڭگە تەڭ قىلمىغانىدىڭ. يىللار ئۆمۈر باغلىرىڭدىن ياشلىق گۈللىرىڭنى بىر - بىرلەپ ئۈزۈپ تىۋىشسىزلا ئوغرىلاپ قاچماقتا ئىدى.

نىھايەت، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بىز كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان قۇتلۇق تويۇڭ بولدى. ئېسىڭدىمۇ دوستۇم؟ تويۇڭ بولغان شۇ كۈنى مەن سەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ، «ھەقىقەتەن كۆزۈڭ ئۆتكۈركەن دوستۇم» دەپ پىچىرلىغانىدىم قۇلىقىڭغا. «شۇنداق بولمايچۇ» دېگەنىدىڭ مەغرۇرلانغان ھالدا. تاللىغان يىگىتىڭ ھەقىقەتەن قەددى - قامىتى كېلىشكەن، يۈرۈش - تۇرۇشى سىپايە، بىر قاراشتىلا خېلى مەن- مەن دېگەن قىزلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك يىگىت ئىدى.

«شېرىن ئاي» لىرنىڭ تېخى ئاخىرلاشماستىنلا گۈلدەك رۇخسارىڭنىڭ سولاشقان گۈل بەرگلىرىدەك سارغىيىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. مىجەزىڭ ئۆزگىرىپ جىمىغۇرلىشىپ قالغاندەك، ئىلگىرىكى شوخلۇقلىرىڭ، كۈلكە - چاقچاقلىرىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. دەسلەپتە مەن «تۇرمۇش رىئاللىقى ئۆزىنى تونۇتۇۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىغانىدىم.

— نېمە بولدى ساڭا جېنىم دوستۇم، چىرايىڭ غەمكىن، روھىڭ چۈشكۈن، بىرەر يېرىڭ ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟ — سورىدىم نۇرسىز كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ تۇرۇپ بىر ئەتىگىنى. شۇئان تىنىق بۇلاقتەك نۇرسىز كۆزلىرىڭدىن ئازاب قىيانلىرى يامراپ چىقتى.

— نېمىسىنى دەي جېنىم دوستۇم، يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ، يۈرىكىم! قايسى بىر شەيتان ئازدۇرۇپ يولۇقۇپ قالدىم ئۇ ھاراقكەش، كۈنلەمچىگە! — دېگەنىدىڭ ئېغىر ئۇھسىنىپ.

كېيىنكى كۈنلەردە زەپىراندەك يۈزلىرىڭگە كۈن ئارىلاپ چۈشۈپ تۇرغان، تۈجۈپىلەپ قىلغان گىرىملىرىڭمۇ ياپالماي قالغان كۆكلەرنى، ئاق كۆڭلەككە ياماق سالغاندەك كۆرۈنىدىغان يارا ئىزلىرىنى كۆرگىنىمدە، بىچارە يۈرىكىڭنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا كۆيۈۋاتقان ئاسمان - پەلەك دوزاخ ئوتى ئىچىدە ئازابلىق تولغىنىۋاتقانلىقىغا، سېنىڭ «بەخت ئىزدەپ» بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن ئېچىندىم. ئازاب تۇمانلىرى قاپلىغان غەمكىن، بىچارە چىرايىڭنى، پىلدىرلاپ ئۆچەيلا دەپ قالغان شامدەك

خىرەلەشكەن ئاھۇ كۆزلىرىڭنى بىر نۇقتىغا تىككىنىڭچە ئېغىر-ئېغىر تىنىپ، چوڭقۇر ئۇھسىنىشلىرىڭدىن غۇبارسىز قەلبىڭنىڭ ۋاقىتسىزلا ھاۋاغا ئوخشاش بوش ۋە قۇپقۇرۇق بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كۆزلىرىمدىن ياش كەلكۈنلىرى يامرىدى.

ئاھ، ناتىۋان دوستۇم! قەلب ئېتىزىڭدا تەكەببۇرلۇقنىڭ بىخ سۈرۈشكە باشلىغانلىقى، ئىززەت-ھۆرمىتىڭنىڭ، بەخت-سائادىتىڭنىڭ ئۆز تاپىنىڭ ئاستىدا يانجىلىشقا باشلانغانلىقى ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق ھېس قىلغان بولساڭ ئىدى، ئۇ چاغدا سەن بولغۇسى يىگىتىڭنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ چىراي شەكلىنىڭ، قەددى-قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا، ئەقىدىسىگە، ۋاپادارلىقىغا قاراپ تاللىغان بولاتتىڭ. بىلسەڭ جېنىم دوستۇم، يىگىتلەرنىڭ قەددى-قامىتى، چىراي-شەكلىنىڭ كېلىشكەنلىكى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ «يىگىت» لىكنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. ئەلۋەتتە، پارقىراق، سىلىق، سۆزۈك تاشلارنىڭ ھەممىسىلا ياقۇت بولۇۋەرمەيدۇ ئەمەسمۇ؟!

دەردلىك كەچمىشلىرىڭدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى دوستۇم، قىزلارغا ھاياتلىق سەپىرىدە ئىشەنچلىك، ۋاپادار، كۆيۈمچان، چىن ئېتىقادلىق، سادىق، ھەقىقىي بىر يىگىت ھەمراھ بولسىلا، ئاندىن ئۇ چىن مەنىدىكى بەختلىك ئائىلىگە — چەكسىز شادلىق دۇنياسىغا ئېرىشەلەيدىكەن!

# مېھىر - شەپقەت تىلەش

سەن سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىڭنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىڭنىڭ نەزەرىدە بەكمۇ مېھىر - شەپقەتسىز ئادەم ئىدىڭ. ئىنسان ماھىيىتىدىن ئالغاندا، سەن تۇغۇلۇشىڭدىنلا مېھىر - شەپقەتسىز تۇغۇلغان بولماستىن، بەلكى مېھرىبان ئاتا - ئاناڭنىڭ چەكسىز مېھىر- شەپقىتى ساڭا مۇجەسسەملەنگەنىدى. قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مېھىر- شەپقەت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما سەن ئۆز ئەمەلىيىتىڭ بىلەن سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىڭگە، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىڭغا ئۇنى لايىقىدا يەتكۈزەلمىدىڭ. سېنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭ گويا كۆل ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان چوغدەك قەلب پىنھانلىرىڭغا كۆمۈلۈپ قالدى.

سۆيۈملۈك كەنجەڭ «مەن ياخشىمۇ، ئاپاڭ ياخشىمۇ ؟» دېگەن سوئالىڭغا قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرماستىن، «ئاپام ياخشى» دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، يۈرەكلىرىڭ پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىلسەڭ بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىڭ مېھىر - شەپقىتىڭگە تەشنا بولغان چاغدا سېنىڭ پەرۋايىڭغا ئالماستىن، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا قاپاقلىرىڭنى تۈرۈپ بەخىرامان يۈرۈۋەرگەنلىكىڭنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئەي ئىنسان، مېھىر - شەپقەت رېئال تۇرمۇشتىكى مەڭگۈلۈك تېما! قەدىرلىك ياشاي دېسەڭ، ھەر ۋاقىت مېھىر - شەپقەت يەتكۈزگۈچى بول!



## ئائىلىمىزنىڭ قۇياشى

سەھەر....

سۆيۈملۈك، مېھرىبان، مۇقەددەس ئانا ماماتلىق ئەلچىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى.

ئاچچىق تولغاق ئەۋجىگە چىقتى. يەر شارى تولغىنىپ-تولغىنىپ سىلكىندى. بوروُنلىرى كېرىلىپ ئېغىر - ئېغىر تىنىدى. كۈچلۈك بىر نىدادىن ئاسمان سەتھىدە چاقماق چېقىلدى. ئۆتكۈر بىر يېشىل نۇر قەلبلەر پىنھانلىرىنى تىلغاپ ئۆتتى. ئانا يەر باغرىدىن ئاچچىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئازابلىق ئېلىشىش ئىلكىدە مۇقەددەس ئانا بىر قۇياش تەۋەللۇت قىلدى. غېرىب خانىمىزنىڭ ئاسمىنى ئىللىق نۇرغا پۈركەندى. ھويلىمىزدىكى دەرەخلەر چاۋاك چالدى. سايلاردىكى تاشلارمۇ خۇشاللىقتىن سەكرەشتى. ئاسمان كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياپيېشىل تامچىلار ئانا مەڭزىدە قېتىپ قېلىپ، سۈس، ئەمما يارىشىملىق ئىزنالارنى يادىكار قىلدى.

ئاشۇ قۇياش سەن ئۆزۈڭ ئوغلۇم!

## گۇمانخورلۇق

سەن تولىمۇ گۇمانخور ئىدىڭ، ھەممىلا ئىشقا بىر خىل شۈبھى، گۇمان بىلەن قارايتتىڭ. ئارتۇقچە گۇمانخورلۇقۇڭ سېنىڭ ئىشەنچ تۈۋرۈكىڭنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. سەن باشقىلارغىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزۈڭگىمۇ ئىشەنمەيتتىڭ. بەزىدە تېخى «مەن ئۆزۈم شۇمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك گۇمانىسىراشلار بىلەن ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىڭنى چىمدىپ كۆرەتتىڭ، ئەينەككە قاراپ باقاتتىڭ....

گۇمانخورلۇقۇڭ سەندىن ئىشەنچنى يىراقلاشتۇردى، مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇردى، دوست - يارەنلىرىڭدىن ئايرىدى. يىگىتلىك پەسلىڭگە قەدەم تاشلىغان 15 يىلدىن بېرى تۇرمۇش ساڭا كۈلۈپ باقمىدى، ھايات بېغىڭغا باھار كەلمىدى.

گۇمانخورلۇقۇڭ سېنى بارلىق ئىمتىيازلىرىڭدىن قۇرۇق قويدى. سەن نورمال ئېرىشەلەيدىغانلىرىڭغىمۇ ئېرىشەلمىدىڭ.

شۇ تاپتا سەن قەلبى قۇپقۇرۇق، روھى خۇنۈك، چىرايى سۇنۇق بىر قېرى يىگىت بولۇپ قالدىڭ. ئەمدىلىكتە باشقىلار سەندىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

مانا بۇلار گۇمانخورلۇقۇڭ ساڭا قوش قوللاپ ھەدىيە قىلغان «قىممەتلىك سوۋغات»، ياق! سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭنى قاغجىرىتىدىغان ئېچىنىشلىق پاجىئە!

# كۆزىتىش

سەن دائىم تۇرمۇشقا قەلب كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، ئاددىي كۆز بىلەنلا قاراپ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىڭنى بوغۇپ كەلدىڭ. رېئاللىق ساڭا سەن ئويلاپ باقمىغان بېسىملارنى ھەدىيە قىلىپ، چەكسىز مېھىر - شەپقىتىنى ئايىدى. ئۆزۈڭگە، پەقەت ئۆزۈڭگىلا تەئەللۇق بولغان كىچىككىنە شادلىقلىرىڭدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. دائىملا ئىچ - ئىچىڭدىن ئۇھسىنىپ ھارغىنلىق ھېس قىلىپ كەلدىڭ. ئەگەر سەن رېئال تۇرمۇشنى ئاددىي كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، قەلب كۆزۈڭ بىلەن كۆزىتىپ تەسەۋۋۇر كۈچۈڭنى ئۆركەشلىتەلىگەن بولساڭ ئىدى، ئۇ چاغدا زېمىنگە بېسىپ تۇرغان كۆرۈنمەس ئارتۇقچە يۈكلەر غۇلاپ چۈشۈپ، مۆجىزىلىك يېڭى بايقاشلارغا ئىگە بولاتتىڭ - دە، قاغجىراق قەلبىڭگە مېھىر - شەپقەت يامغۇرى ياغقاندەك ئۆزۈڭنى روھلۇق، پەيدەكلا يەڭگىل، خۇشخۇي ھېس قىلالىغان بولاتتىڭ!

## «خام سۈت»

كىچىككىنە سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئوغلۇڭنى ئەيىبلىدىڭ:
— ھۇ ئەقىلسىز دۆت !.....
— ئارتۇقچە ئەيىبلەۋەرمەڭ بۇرادەر، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان كىم بار، «خام سۈت» ئەمگەن بەندىلەر ئەمەسمۇ بىز، — دېدى بىرسى تەسەللى بېرىپ.
سەنمۇ شۇنداق دەيسەن، مەنمۇ شۇنداق دەيمەن، ئۇمۇ شۇنداق دەيدۇ. بىز مانا مۇشۇنداق ئادەملەر سەۋەنلىكنىڭ مەنبەسىنى ئانىنىڭ ھالال سۈتىدىن كۆرىدىغان.
— كىم مېنى «خام سۈت» دەيدۇ ؟! — ۋارقىرىدى ئانا كۆكسىدىن غەزەپ بىلەن چاچراپ چىققان سۈت، — ئاڭلا ئەي خالايىق، مەن ھەرگىزمۇ خام سۈت ئەمەس ! بىلسەڭ مېھرىبان ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت ماڭا مۇجەسسەملەنگەن، ئانىنىڭ ئەقىل - پاراستى مەن بىلەن پەرزەنت قەلبىگە كۆچىدۇ، ئانا قەلبىنىڭ ئاقلىقى، ساپلىقى مەندە ئىپادە تاپقان، ئانىنىڭ چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى مەن ئارقىلىق پەرزەنت قەلبىگە سىڭىدۇ، پەرزەنت ئانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ ھارارىتىدىلا ئىللىيدۇ. چۈنكى مەن ئانىنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتتا قايناپ، مېھىر - مۇھەببەت يالقۇنىدا تاۋلىنىپ، قەلب ئاقلىقىدىن رەڭلىنىپ، ئەقىل بۇلىقىدىن

نۇرلىنىپ، ئانا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق مۆجىزاتلارنى ئۆزۈمگە مۇجەسسەملەپ تەلتۆكۈس پىشىپ چىققان ھالال سۈتمەن!....

ئۇ ياقىسىنى تۇتتى، مەنمۇ ياقامنى چىشلىدىم، ھەممىمىزنىڭ باشلىرى تۆۋەن چۈشۈپ ئاللادىن مەغپىرەت تىلىدۇق.



# خىيال

مەن خىيالسىز ياشىيالمايمەن، خىيال ماڭا دائىم ھەمراھ. ئۇ گاھىدا تۇرمۇشۇمغا چوڭقۇر مەنىلەرنى ئاتا قىلىپ چەكسىز لەززەت بېغىشلىسا، گاھىدا يەنە چىدىغۇسىز ئازابلارنىمۇ ھەدىيە قىلىپ تۇرىدۇ. خىياللىرىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا شۇنچىلىك شېرىن ۋە لەززەتلىك. ئۇ تۇرمۇش مېلودىيىلىرىمنىڭ مۇقەددىمىسى، ئۇنىڭ كۈيلىرى يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئىدراكلىرىمنىڭ قانىتى، مېنى چەكسىز سامادا پەرۋاز قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل كائىناتنىڭ گىرۋەكلىرىگىچە ئېلىپ بارىدۇ.

مەن خىيالسىز ياشىيالمايمەن.........

## سۆھبەت

كىشىلەر ھاياتنى «ئۈمىد بىلەن دوست، قورقۇنچ بىلەن شېرىك» دەيدىكەن. بېخىل باي ئاخىر يېمەي-ئىچمەي يىغقان پۇللىرىنىڭ ئازلا بىر قىسمىنى بېلىگە تۈگۈپ، چەكسىز ئۈمىد بىلەن پەرىشتىلەر ماكانىغا كەلدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتقان جېنىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى پەرىشتىلەردىن ئۆتۈندى.

— پۇل كېرەك، ناھايىتى كۆپ پۇل كېرەك، بولمىسا تالاشقاننى بەرمەي ئامال يوق! — دېدى پەرىشتە غەمسىز. باينىڭ كاللىسىدا چاقماق چاقناندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىنى چەكسىز قورقۇنچ قاپلىدى. كۆزى قىيمىغان ھالدا بېلىدىكى پۇلنى يېشىپ پەرىشتىگە تەڭلىدى.

— يەتمەيدۇ، بۇنچىلىك پۇل بىلەن بىر جاننى قۇتقۇزغىلى بولامدۇ؟! — پەرىشتىنىڭ كۆزلىرى قىزاردى، ئاجايىپ بىر خىل ئوت ئۇچقۇندىدى.

باي خىيالغا پاتتى. ھاياتنىڭ شېرىن ئارزۇ-ئىستىكىگە تولغان ئۈمىدى سۇسلىشىشقا باشلىغاندا، مىڭ بىر جاپادا توپلىغان پۇل-ماللىرىنى كۆچلۈك بوران ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭچە بولسا ھايات شامى بۇنچە بالدۇر ئۆچۈپ كەتسە بولمايتتى، پۇل-ماللىرى سورۇلۇپ كەتسە تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىچ-

ئىچىدىن سىرغىپ چىققان ياش كۆزلىرىنى تورسىۋالدى.

باي ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتقىلى نەچچە كۈن بولدى، ئەمدى پۈتۈنلەيلا ھالىدىن كەتتى. پەرىشتىلەرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى. كۆز نۇرى كۈندىن - كۈنگە خىرەلىشىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىزلا ئىشىك ئالدىدا بىراۋلارنىڭ پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— يەنە بىرقانچە كۈنلا تەخىر قىلغان بولسىلىرى ئەزرائىل خوجام، بۇ بېخىل باينىڭ يەنە نەچچە تۈمەنلا پۇلى قالدى، پاك - پاكىز تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتسىلىمۇ ئۆلگۈرىلا، — بۇ پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بولمايدۇ، ھېلىمۇ خېلى تەخىر قىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭ پەيمانى تولۇق توشتى، — ئەزرائىلنىڭ پوزىتسىيىسى كەسكىن ئىدى، گېپىدىن يېنىپ ئاز - تولا ئىلتىپات كۆرسىتىدىغاندەك قىلمايتتى.

باينىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى، نەپىسى قىسىلدى، كۆزلىرى چەكچەيدى. «ئىسسىت پۇللىرىم، مال - دۇنيالىرىم، يېمەي-ئىچمەي تارتقان جاپالىرىم.....» دېگىنىچە ئۆز - ئۆزىگە نىدا قىلدى.

— ئاپلا، كۆزى ئوچۇق كېتىدىغان بولدى - دە! — پەرىشتىنىڭ ئىچى ئېچىشقاندەك بولدى.

— مەنمۇ مانا مۇشۇنداق بولۇشىنى ياقتۇرىمەن، بېھىش، دوزاخ دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىقراق

كۆرۈۋالسۇن بۇ گاداي! — ئەزرائىل غەمسىز كۆرۈنەتتى.
— بالا - چاقىلىرىنى تۇگىمەس جېدەل - ماجىراغا قويىدىغان بولدىلا ئەزرائىل جانابلىرى.
— مەنمۇ دەل ئاشۇ نەپسى بالالارنى جەڭگى - جېدەللەرگە سېلىپ ھۇزۇرلىناي دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن.
باي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تورۇسقا قاراپ قېتىپ قالغان چاغدا، ئائىلىسىدە راستتىنلا كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كەتكەنىدى.



## تاقالغاس ئىشىك

قەلبىم سېنى سېغىنىپ مېنى شەھەرگە باشلاپ كەلدى. ئىشىك ئالدىنىڭدا تەلمۈرۈپ تۇرىمەن غېرىب - مىسكىن سايىلدەك. ئىشىك ئېچىلىپ ئاناڭغا يولۇقتۇم، قولىدىكى بىر بۇردا ناننى تەڭلىدى. «ياق» دەپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. «ماڭا بىرتاللا گۈلىڭىز كېرەك ئىدى» دېدى قەلبىم بولاق سۇيىدەك شىۋىرلاپ، يۈزۈم شەلپەردەك قىزاردى. ھويلاڭدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر ئىچىدىن بىر نازۇك غۇنچىنى ئۈزۈپ چىقىپ ماڭا تەڭلىدى موماي. قەلبىم يەنە باش چايقىدى. بىچارە قەلبىم مومايىنىڭ كۆزىگە قانداق كۆرۈندىكىن تاڭ بىلمەيمەن، «يوقال» دېدى پۈرلەشكەن كۆزلىرى چوچەكتەك كېرىلىپ، نەپەسلىرى تېزلىشىپ. ئىشىكنىڭ جالاققىدە يېپىلىپ ئىمجان يۈرىكىم ئارىچىدا قالدى قىسىلىپ. دېرىزەڭ ئېتىلدى ھال رەڭ پەردىلىرى تارتىلىپ. «سەھرالىق تومپاي» بولۇپ قالغىنىم گۇناھىم بولسا كېرەك ئابرۇيخور ئاناڭنىڭ نەزەرىدە. قەلبىم ئۈنتىلىدۇ «سىز ئەسلى سەھرالىق ئەمەسمىدىڭىز؟» دەپ سوراپ كۆرۈشكە ئۈنىڭدىن.

ئىشىك ئالدىدىن كېتەلمەيمەن قىزىلگۈلنى چۆرگىلەپ كېتەلمىگەن ئاشىق بۇلبۇلدەك. دېرىزەڭ يوچۇقلىرىدىن قىستىلىپ چىقىۋاتقان پىغانلىق ناخشاڭنى ئاڭلاپ يۈرەك تارىم تىترەيدۇ گويا ئىزغىرىن كۈز شاماللىرىدا تىترىگەن ھالسىز ياپراقتەك. كىرپىكلىرىمدە شەبنەم تامچىسى، يۈرىكىمدە چەكسىز ئىنتىلىش، دېرىزەڭ تۈۋىگە يۆلىنىپ ناخشاڭغا جور بولىمەن ئۆزۈممۇ سەزمەستىن. مۇڭلۇق ئاۋازىڭ چىقىۋاتقان يوچۇقلاردىن قىستىلىپ كىرىپ باغرىڭغا سىڭىپ كەتكۈم، سوۋىغان قانلىرىمىزنىڭ دېڭىز تاشقىنلىرىدەك تومۇرلىرىمىزغا پاتماي مەۋج ئۇرۇشىنى، قاغجىرىغان يۈرەكلىرىمىزنىڭ جەننەت قۇشىدەك قىن - قىنىغا پاتماي سەكرىشىنى تىڭشىغۇم كېلىدۇ سۆكۈتكە چۆمۈپ، ھېچنېمىگە پەرۋايىم پەلەك!

گەرچە ئۆيۈڭنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ئېتىك بولسىمۇ، قەلب دېرىزىمىزنىڭ — پاك سۆيگۈمىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇلۇغ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ قەلبىم. ئۈمىد نۇرلىرى چاراقلاپ يانىدۇ غەمكىن كۆزۈمدە، غېرىب كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ دېڭىز تاشقىنىدەك. ھاياتتا ساپ دىل، سادىق، چىن، ھەقىقىي ئىنسان ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ئىشىك — ساپ مۇھەببەت ئىشىكىنىڭ دائىم

ئوچۇق تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئاشۇ مۇقەددەس ئىشىكنى ھېچقانداق بىر كۈچ تاقىۋېلىشقا قادىر ئەمەس گۈلۈم! ئاناڭغا ئېيت، ئۇ قەلب ئىشىكىمىزگە قۇلۇپ سالىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولمىسۇن!



**图书在版编目(CIP)数据**

生命之滴:维吾尔文/赛麦提·麦麦提著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2009.3

ISBN 978-7-5631-2273-8

Ⅰ.生… Ⅱ.赛… Ⅲ.散文—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第101834号

责任编辑:**阿不里米提·卡德尔**
责任校对:**阿达来提·牙合甫**

**生命之滴**
(散文集)
**赛麦提·麦麦提** 著

---

新 疆 大 学 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路14号,邮政编码:830046)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐晓名纸品印刷有限公司印刷
开本:787×1192 毫米 1/32 6印张
2009年3月第1版 2009年3月第1次印刷
印数:0001 — 2000册

---

ISBN 978-7-5631-2273-8
定价:13.00元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-5631-2273-8

定价：13.00元